ئەخمەتجان قۇربان سابىرى

# ئۇيغۇر بالىلار چۆچەكلىرى 1



شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۈركىيەدىكى قىزلىرىمغا

قىزلىرىڭدىن ھەدىيە

Love You



شائىر، يازغۇچى ئەخمەتجان
ئوسمان سابىرى 1960 - يىلى ئور
قۇل ناھىيىسىنىڭ كۆكتالا دېھ
قانچىلىق مەيدانىدا ھەربىي ئائىلى
سىدە دۇنياغا كەلگەن. 1983 - يىلى
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبى
يات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ، شىنجاڭ
تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىغا تەقسىم قى
لىنغاندىن بۇيان مۇخبىر، مۇھەررىر
بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە. ئۇ ئەدە
بىياتنىڭ ھەممىلا ژانىرلىرىدا ئەسەر
يازغان بولۇپ، كۆپلىگەن شېئىر،
ناخشا تېكستى، ھېكايە، پوۋېست،
مەسەل، چۆچەكلەرنى ئېلان قىل
غان. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90 -
يىللىرىدىن باشلاپ ئۇ زېھنىي قۇۋ
ۋىتىنى بالىلار ئەدەبىياتى ئىجادىيى
تىگە بېغىشلاپ، بالىلار ئۈچۈن كۆپ
لىگەن ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلدى.
بولۇپمۇ ئۇنىڭ بالىلار چۆچەكلىرى
ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بىلەن
ئوقۇرمەنلەرنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا
مۇيەسسەر بولدى. ئۇ ھازىرمۇ با
لىلار ئۈچۈن كۆپلەپ ئەسەر ئىجاد
قىلماقتا.

ئەخمەتجان قۇربان سابىرى

# ئۇيغۇر بالىلار چۆچەكلىرى

1



شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



图书在版编目(CIP)数据

维吾尔族童话/艾合买提江·库尔班编. —乌鲁木齐:
新疆大学出版社, 2005. 4

ISBN 7－5631－1969－8

I. 维… II. 艾… III. 维吾尔族－童话－作品集－中国
IV. 287. 7

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2005)第 037707 号

# ئۇيغۇر بالىلار چۆچەكلىرى (1)

ئاپتورى: ئەخمەتجان قۇربان سابىرى

* * *

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلدى

(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى №14 ، پوچتا نومۇرى: 830046)

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى

شىنجاڭ جياڭجياڭتۇڭ سوداچەكلىك شىركىتى

فورماتى: 850 × 1168 mm، 1/ 32 ، باسما تاۋىقى: 18.75

2005 ـ يىل 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

2013 ـ يىل 7 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى

* *

ISBN 7 — 5631 — 1969 — 8

ئومۇمىي باھاسى (1—5): 55.00 يۈەن

# كىرىش سۆز

قەدىرلىك ئاتا ـ ئانىلار، سۆيۈملۈك كىچىك دوستلار، قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب ھازىرقى زامان ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ پسىخىكىسىغا ماس كېلىدىغان ئىجادىي بالىلار چۆچەكلىرىدىن تەركىب تاپقان.

بۇ كىتابتىكى چۆچەكلەرنىڭ ھازىرقى زامان پۇرىقى كۈچلۈك، بەزى چۆچەكلەر ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا بارلىققا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، كۆپلىگەن چۆچەكلەردە ھازىرقى زامان بالىلىرىنىڭ تۇرمۇشى ماھىرلىق بىلەن بايان قىلىنغان.

بۇ كىتابتىكى ھايۋانلار ھەققىدىكى چۆچەكلەر يۇمۇرلۇق، قىزىقارلىق. شېئىرىي چۆچەكلەرنىڭ تىلى چۇچۇك، رىتىمدارلىقى كۈچلۈك.

بالىلار چۆچەكلىرى بالىلار ئەدەبىياتى تارىخىدىكى تارىخى ئۇزۇن ژانىرلارنىڭ بىرى. بالىلار ئەزەلدىن چۆچەك ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىدۇ، چۈنكى چۆچەكلەردىكى ھەر خىل مەزمۇنلار بالىلارنىڭ بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، زېھنىنى ئاچىدۇ. بالىلار ئۆزلىرىگە تەسىر قىلغان چۆچەكلەردىكى ھاياتلىق قانۇنىيەتلىرىنى ئۆزلىرىگە بىر ئۆمۈر ھەمراھ قىلىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



زامان تەرەققىي قىلماقتا، بالىلارنى قىزىقتۇرىدىغان تۈرلۈك زا- مانىۋى ۋاستىلەر كۆپىيىۋاتقان بولسىمۇ، بالىلار چۆچەكلىرىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىيەلەيدىغان يەنە بىر مەنىۋى كۈچ تېخى بارلىققا كەلگىنى يوق. تەرەققىي قىلغان ئەللەردىكى بالىلار تەربىيىسى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مۇتەخەسسىسلەر بالىلار چۆچەكلىرىنىڭ بالىلارنى تەربىيىلەشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى ئەمەلىي پا- كىتلار ئارقىلىق تەكىتلىمەكتە.

بالىلار چۆچەكلىرى ئالدى بىلەن بالىلارنىڭ سۆزلەش قابىلىيە- تىنى ئۆستۈرىدۇ. ئادەتتە ئۈچ ياشتىن ئالتە ياشقىچە بولغان بالىلار ئۆزلىرى كىتاب ئوقۇيالمىغاچقا، ئاتا - ئانىلىرى ۋە تەربىيىچىلىرىدىن چۆچەك ئاڭلايدۇ. بۇ جەرياندا ئۇلار چۆچەكتىكى ھەر خىل ۋەقەلەرگە قىزىقىپ، يېڭى شەيئىلەر بىلەن تونۇشۇش بىللە، تەبىئىي ھالدا سۆزلەش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈپ بارىدۇ. بالىلار چۆچەكلىرى بالى- لارنىڭ تەپەككۇرى ۋە تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنىمۇ ئۆستۈرىدۇ، شۇڭا با- لىلارنى تەربىيىلەشتە بالىلار چۆچەكلىرىنىڭ رولىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ.

ئۇيغۇر بالىلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ چۆچەكلىرىگە موھتاج ئىدى. بۇ كىتابتىكى چۆچەكلەر ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ مۇشۇ جەھەتتىكى تەل- ىپىنى ئاز - تولا بولسىمۇ قاندۇرالايدۇ، دەپ قارايمىز.

ئىشىنىمىزكى، بۇ كىتابتىكى چۆچەكلەر ئۇيغۇر با- لىلىرىنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا مۇيەسسەر بولىدۇ.



# مۇندەرىجە


ئالتۇن كەش........................ 1

ئامەت بىلەن ئاپەت........................ 9

پىل ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى........................ 15

تۈلكە بىلەن بورسۇق........................ 25

كېپىنەك قىز........................ 31

قارىغوجىنىڭ ناخشا ئېيتىشى........................ 38

مايمۇننىڭ ماكانسىز قېلىشى........................ 43

كەنجى قارلىغاچ........................ 46

ھەسەن بىلەن ھۈسەن........................ 51

ئېيىق بىلەن ھەسەل ھەرىلىرى........................ 58

ھاكاۋۇر ئەتىرگۈل........................ 64

توغراق بوۋاي........................ 68




www.uyghurkitap.com



يالغانچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام .......... 73
ئېيىق بىلەن ئۆردەك .......... 76
شىر ۋە پاشىلار .......... 82
مايمۇننىڭ قۇيرۇقى .......... 88
تېپىشماق ئويۇنى .......... 98
قۇشلارنىڭ شاھ سايلىشى .......... 110



# ئالتۇن كەش



بىر ياشاۋاتقان مۇشۇ زاماندا تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدىكى مەلۇم بىر بوستانلىق مەھەللىدە تۇغلۇق ئىسىملىك بىر بالا بار ئىدى. ئۇ تەنتەربىيە دەرسىگە بەك قىزىقاتتى، بولۇپمۇ تېز يۈگۈرۈش ۋە پۇتبولغا بەك ئامراق ئىدى، بوش ۋاقىت تاپسىلا بالىلار بىلەن يۈگۈرۈشۈپ قوغلاشماق، پۇتبول ئوينايتتى. بىراق، ئۇنىڭ توپ تېپىدىغان تۈزۈكرەك ئايىغى يوق ئىدى. هازىر ئۇ كىيىۋاتقان ئاياغمۇ ئۇنىڭغا ئاكىسىدىن قالغان بولۇپ، ئەسلىي رەڭگى ئۆڭۈپ توپا رەڭگە كىرىپ قالغانىدى. ئىككىلا پاي ئايىغىنىڭ ئۇچى تېشىلىپ كەتكەچكە، پۇتىنىڭ باشمالتىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مەكتەپتىكى بەزى ساۋاقداشلىرىنىڭ سۆلەتلىك، ئاستىدىن چىراغ يېنىپ تۇرىدىغان چىرايلىق ئايىغىنى كۆرگەندە، تۇغلۇقنىڭ نېمىشقىكىن ئىچىگە ئوت كەتكەندەك بولۇپ ئولتۇرالماي قالاتتى. شۇڭا ئۇ توپ ئوينىغاندا، يۈگۈرگەندە كىيىدىغان چىرايلىق ئايىغى بولۇشنى شۇنچە ئارزۇ قىلاتتى.

—— هەي، قانداق قىلسام ئوبدانراق بىر ئاياغقا ئىگە بولارمەن، بۆلتۈر ئۆزۈم پۇل تېپىپ ئاياغ ئالاي دەپ، ئەتىسى - ئاخشىمى ۋە يەكشەنبە كۈنلىرى باشقىلارنىڭ كېۋەزلىكىدە پاختا تېرىپ، چۆچۈكبۇيا يىلتىزىنى كولاپ سېتىپ، ئاياغ ئالغۇدەك پۇل قىلسام ئاپام ئاغرىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغاچقا، پۇل



كېرەك بولۇپ ئۇنىڭ ھەممىسىنى دادامغا بەردىم. ئەمدى يەنە قارا سۇ بويىغا بېرىپ چۇچۇكبۇيا يىلتىزى كولاپ ساتسام بولغۇدەك، بۇ يىل چۇچۇكبۇيا يىلتىزىنىڭ باھاسىنى ئۆسۈپتۇ دەيدۇ.— شۇ خىياللارنى قىلغان تۇغلۇق مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپلا گۇرجەكنى ئېلىپ، قارا سۇ بويىغا چۇچۇكبۇيا يىلتىزى كولاپ كېلىشكە ماڭدى. ئەمدى ئۇنى مەھەللىدىكى بالىلارنىڭ توپ ئويناشلىرىمۇ جەلپ قىلالمىدى.

قارا سۇ دېگىنىمىز، بۇلاق، ياداڭلىقلاردىن تەبىئىي شەكىللەنگەن ئېقىننىڭ ئىسمى ئىدى. ئاشۇ قارا سۇنىڭ ئەتراپىدا چۇچۇكبۇيا ناھا-يىتى كۆپ ئىدى. يېقىندىن بېرى كىشىلەر بۇ يەرنى كولاپ قارىغۇسىز قىلىۋەتكەن بولسىمۇ، چۇچۇكبۇيا يىلتىزىنى يەنىلا تاپقىلى بولاتتى.

تۇغلۇق چۇچۇكبۇيا يىلتىزىنى كولاپ بولۇپ، تەرلىرىنى ئېرىت-ۋېتىپ، ئارام ئېلىپ ئولتۇرغاندا، غەلىتە بىر ئىش يۈز بەردى. تۇغ-لۇقنىڭ ئالدىدىكى بولۇققىنا ئۆسكەن چۇچۇكبۇيا ئارىسىدا شۇنداق چىرايلىق بىر جۈپ ئاياغ نۇر چېچىپ تۇراتتى. ئاياغنىڭ شەكلى پۇت-بول ماھىرلىرى كىيىدىغان ئاياغنىڭ شەكلى بىلەن ئوپئوخشاش ئى-دى، چوڭ - كىچىكلىكى تۇغلۇقنىڭ ئايىغى بىلەن تەڭ ئىدى. ئاياغ-تىن ئاقۇچ، سېرىق، يېشىل نۇرلار چاقناپ تۇرغاچقا، ئاياغنىڭ ئەسلىي رەڭگىنى بىلگىلى بولمايتتى. تۇغلۇق كۆزلىرىگە ئىشەنمەي نەچچە قېتىم ئۇۋۇلاپ، نەچچە قېتىم يۇمۇپ ئاچتى. چۈشۈم بولۇپ قالمىسۇن دېگەندەك يۈزلىرىنى چىمداپ شاپىلاقلاپ باقتى. ئەمدى تۇغلۇق ئاياغ-نىڭ راستلىقىغا ئىشەندى. ئاياغ تېخىمۇ نۇرلىنىپ كۆز چاقنىتىپ تۇراتتى. ئالدىدا تۇرغان ئاياغنىڭ راستلىقىغا ئى-شەنگەن تۇغلۇق خۇشاللىقىدىن ھاياجىنىنى باسالماي ئاياغقا ئۆزىنى ئاتماقچى بولۇپ تۇرغاندا، ئاياغ تويۇقسىزلا مىدىرلاپ



كەتتى. بۇ تۇغلۇقنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇردى. ئۇ بىرەرسى مېنى ئەخمەق قىلىۋاتقان بولمىسۇن دەپ ئويلاپ، ئورنىدىن تۇرۇپ ئەتراپقا قارىدى. سەل نېرىراقتا قوي بېقىۋاتقان بىرنەچچە بالىدىن باشقا ئادەم كۆرۈنمەيتتى. تۇغلۇق ئېڭىشىپ ئاياغنى قولىغا ئالماقچى بولغاندا ئا- ياغتىن ياڭراق سادا چىقتى.

— تۇغلۇق، مەن بۈگۈندىن باشلاپ سېنىڭ بولىمەن، بىراق مې- نىڭ بىرنەچچە تەلىپىم بار، قوشۇلامسەن؟

ئاياغدىن چىققان ئاۋازنى ئاڭلاپ تۇغلۇق چۆچۈپ كېتىپ قولىد- رىنى دەرھال تارتىۋالدى.

— تەلىپىمگە قوشۇلامسەن ـ قوشۇلمامسەن؟ — سۆزىنى تەك- رارلىدى ئاياغ.

سۆزلەۋاتقاننىڭ راستلا ئاياغ ئىكەنلىكىنى بىلگەن تۇغلۇق ئەمدى ئاياغنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەردى:

—قوشۇلىمەن، قوشۇلىمەن، بىراق سەن ئاياغ تۇرۇپ گەپ قىلا- لايدىكەنسەنغۇ؟

—مەن دېگەن سېھىرلىك ئاياغ.

—پاھ! مېنىڭ سېھىرلىك ئايىغىم بار بولدى، —دېدى تۇغلۇق قىن ـ قىنىغا پاتماي، —قېنى تەلەپلىرىڭنى ئېيت، نېمە تەلىپىڭ بولسا ئورۇندايمەن.

—بۇنىڭدىن كېيىن چۆچۈكبۇيا يىلتىزىنى كولىمايسەن.

—نېمىشقا؟



—سەن ئازراق پۇلنى دەپ چۆچۈكبۇيا يىلتىزىنى كولىساڭ، قارا سۇ بويىدىكى بۇ گۈزەل مەنزىرىلەر كۆپ ئۆتمەي نابۇت بولىدۇ. ئۇ چاغدا كېپىنەك، يىڭناغۇچ، ھەسەل

ھەرىلىرى نەدە ياشايدۇ؟ بۇنداق قىلساڭ سەن بۇ يەرنى قوملۇققا ئاي-لاندۇرۇۋېتىسەن.

—ماقۇل، ماقۇل، مەن ئۇنى ئويلىماپتىمەن، مەنمۇ ئاياغ ئۈچۈن شۇنداق قىلغانتىم. ئەمدى ئايىغىم بار بولغاندىكىن ھەرگىز كول-مايمەن.

—رەھمەت ساڭا!

—رەھمەت ساڭا!!

—رەھمەت ساڭا!!!

شۇ چاغدا توغلۇقنىڭ ئالدىغا كەلگەن ھەسەل ھەرىسى، يىڭنا-غۇچ، كېپىنەكلەر ئۈچ، تۆت ياشلىق قىزلارنىڭ ئاۋازىغا ئوخشايدىغان چۈچۈك ئاۋازى بىلەن ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتى. بۇنى كۆرگەن توغلۇق تېخىمۇ ھەيران بولدى.

—مېنىڭ ئىسمىم ئالتۇن كەش، مېنى كىيسەڭ ھەرقانداق ئا-دەمدىن تېز يۈگۈرەلەيدىغان، تەپكەن ھەرقانداق توپۇڭ ۋوروتاغا كىرى-دىغان بولىدۇ.

ئۇ ئالتۇن كەشنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، خۇشاللىقىدىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇرغاندا، پۇتىدىكى كونا ئايىغى غايىب بولۇپ، ئالتۇن كەش پۇتىغا كىيىلىپ قالدى. خۇشال بولۇپ كەتكەن توغلۇق ئۆيىگە قاراپ يۈگۈردى. توغلۇق قانات چىقىرىپ ئۇچقاندەك قارا سۇ بويىدىن بىردەمدىلا ئۆيىگە كېلىپ قالدى. ئاتا - ئانىسىغا بولسا چۇ-چۇكبۇيا يىلتىزىنى سېتىپ ئاياغ ئالدىم دەپ قويدى.



ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن توغلۇق مەكتەپتە ئۆتكۈزۈلگەن ھەرقانداق يۈگۈرۈش مۇسابىقىلىرىدە بىرىنچىلىكنى ئالدى. ئۇ تەپكەن ھەرقانداق توپ ۋوروتاغا كىرمەي قالمىدى. توغلۇقنىڭ

ھۆرمىتى ئېشىپ، ئۇنىڭغا شان - شەرەپلەر يېغىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ بۇ كارامىتىدىن يېقىن - يىراقتىكى ھەممە ئادەم خەۋەر تېپىپ كەتتى. مەكتەپمۇ تۇغلۇقنى ئۆزىنىڭ پەخرى دەپ قارايدىغان بولدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ مەكتىپىنىڭ پۇتبول كوماندىسى كۆپ قېتىملىق چوڭ - چوڭ مۇسابىقىلەردە چېمپىيون كوماندا بولغانىدى. تۇغلۇقنى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ پۇتبول كوماندىلىرى ئەكەتمەكچى بولغان بولسىمۇ، مەكتەپ ئۇنى كەتكۈزمىدى. تۇغلۇق باشتا كەتمەيمەن دېگەن بولسىمۇ، يېقىندىن بېرى سەل تەۋرىنىپ قالغانىدى. چۈنكى، ئۇ ئەنە شۇ كاتتا كوماندىلارنىڭ ئالاھىدە شارائىتىغا قىزىقىپ قالغانىدى.

تۇغلۇق ئەنە شۇنداق شان - شەرەپلەرگە ئېرىشىپ، خۇشال بولۇپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ تاڭ سەھەر قوپۇپ ئالتۇن كەشنى كىيمەكچى بولۇپ، ھەرقانچە قىلىپمۇ كىيەلمىدى. تۇغلۇق ئالتۇن كەشنى كىيمىسە ئۆزىنىڭ بارلىق كارامەتلىرىنىڭ يوققا چىقىدىغان-لىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۈگۈن بىر مەيدان پۇتبول مۇسابىقىسى بار ئىدى، شۇڭا ئۇ ئالتۇن كەشنى كىيىشكە ئالدىراپ، تەرلەپ - پىشىپ كەتكەن بولسىمۇ پەقەت كىيەلمىدى. شۇ چاغدا ئال-تۇن كەش ئۆزىنىڭ رەڭدار نۇرلىرىنى چاچقاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

—تۇغلۇق!

—ھە، ئالتۇن كەشىم، نېمە گېپىڭ بار؟

—مەن ساڭا بىر گەپ قىلسام ماقۇل بولامسەن؟

—ماقۇل بولىمەن، — تۇغلۇق تېز جاۋاب بەردى.

—ئەمىسە، سەن ئەمدى مەندىن ئايرىلسەن، بولامدۇ؟

—بۇ، بۇ...، — تۇغلۇق نېمە دېيەرىنى بىلەلمەي قالدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



—يېقىن دوستۇڭ ئەركىننى ئوبدان بىلىسەنغۇ دەيمەن.

—ھە، بىلىمەن، ئۇ ھازىر ماڭالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى مەكتەپكە ھارۋا بىلەن ئاپىرىپ ئەكىلىۋاتىدۇ.

ئەركىن توغلۇقنىڭ كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپ بىللە ئويناپ چوڭ بولغان دوستى ئىدى. بىراق، ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا ئۇ تاسادىپىي بىر ھادىسە بىلەن ئىككى پۇتى كارغا كەلمەيدىغان مېيىپ بولۇپ قالغاندى. دەسلەپكى چاغلاردا توغلۇق ئۇنى دائىم يوقلاپ، ئۇنىڭ مىسكىن كۆڭلىنى شادلاندۇرغان بولسىمۇ، ئالتۇن كەشنى كىيىپ شان ـ شەرەپكە ئېرىشكەندىن بېرى ئەركىننى يوقلاشنى ئۇنتۇپ قالغانىدى.

—سەن مېنى ئاشۇ دوستۇڭغا بېرىۋېتىشنى خالامسەن؟

تۇيۇقسىز سورالغان بۇ سوئال توغلۇقنى ھودۇقتۇرۇۋەتتى، شۇڭداقتىمۇ ئۇ يىغلامسىرىغان ھالدا مۇنداق دېدى:

—ئۇنىڭ پۇتى كاردىن چىققان تۇرسا، ئالتۇن كەش كىيگىنىنىڭ نېمە پايدىسى؟

—ئۇ مېنى كىيسە ساقىيىدۇ، خۇددى ساڭا ئوخشاشلا يۈگۈرەلەيدىغان بولىدۇ.

—بىراق، مەن قانداق قىلىمەن؟ يەنە ئەسكى ئايىغىمنى كىيىپ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدە كەينىدە قېلىپ، پۇتبول مۇسابىقىسىدە كارغا كەلمەي يۈرەمدىمەن؟

—يەنىلا يېقىن دوستۇڭ ئەركىننىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن ياخشى ـ دە.



توغلۇق قانداق قىلىشنى بىلەلمەي قالدى. ئالتۇن كەشنى بېرىۋېتەي دېسە، يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى ۋە پۇتبول مۇسابىقىسىدە ئۆزىنىڭ ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى

ئوبدان بىلەتتى. بەرمەي دېسە يېقىن دوستى ئەركىننىڭ ئۆمۈرلۈك مېيىپ ئۆتۈشىگە يۈرىكى چىدىمايتتى. تۇغلۇق ئاخىرى بۇ ئالتۇن كەش ئارقىلىق دوستى ئەركىننىڭ پۇتىنى ساقايتىشقا بەل باغ- لىدى. ئۇ شۇ كۈنى مىجەزىم يوق دەپ مۇسابىقىگىمۇ قاتناشماي، كونا ئايىغىنى كىيىپ، ئالتۇن كەشنى ئېلىپ ئەركىننىڭ ئۆيىگە باردى.

ئەركىننى دادىسى هارۋا بىلەن ئىشىك ئالدىغا ئېلىپ چىققان- كەن، ئۇ تۇغلۇقنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ كەتتى، چۈنكى ئۇ دوستىنى سېغىنغانىدى. تۇغلۇق ئەركىنگە ئاياغ ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ، ئاياغنى ئالدىراپ ئۇنىڭ پۇتىغا كىيگۈزدى. هارۋىدا ئولتۇرغان ئەركىن خۇشال بولۇپ تۇغلۇققا رەھمەت ئېيتتى. ئەركىننىڭ دادىسىمۇ، تۇغ- لۇقمۇ خۇشال بولدى.

—ئەمدى ئورنىڭدىن تۇره! — تۇغلۇق ئەركىنگە بۇيرۇق قىلدى.

ئەركىن «تۇغلۇق ماڭا چاقچاق قىلىۋاتىدۇ» دەپ ئويلاپ كۈلۈپ قويۇپ ئولتۇرۇۋەردى.

—ئورنۇڭدىن تۇر دەيمەن! — تۇغلۇق يەنە بۇيرۇق قىلغاچ ئەر- كىننىڭ قولتۇقىدىن يۆلىدى. ئەركىن ئۆزىنىڭ قانداق قىلىپ ئور- نىدىن تۇرۇپ كەتكەنلىكىنى بىلەلمەي قالدى، ئۆزىگە ئىشەنمەي تەم- تىرەپ ئاران ماڭدى. كېيىن بىردىنلا يۈگۈرۈپ، سەكرەپ كەتتى. هويلىدىكى ھەممەيلەن خۇشاللىقىدىن ۋارقىرىۋەتتى. نېمە ئىش بول- غاندۇ دەپ ئۆيدىن هويلىسىغا چىققان ئاپىسى ئەركىننىڭ سەكرەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن «جېنىم بالام!» دېگىنىچە ئەركىننى باغرىغا بېسىپ هۆڭرەپ يىغلىۋەتتى. تۇغلۇق ئەركىننىڭ پۇتىغا قارىدى. ئەركىننىڭ پۇتىدا



www.uyghurkitap.com



ئالتۇن كەش يوق تۇراتتى. لېكىن، ئۇ تېخىچىلا هويلا ئىچىدە يۇگۇرۇپ يۈرەتتى...

شۇ كۈندىن كېيىن تۇغلۇق ئالتۇن كەشتىن ئايرىلىپ قالغان بولسىمۇ، يۇگۇرۇش ۋە پۇتبول ئويناشنى بىر كۈنمۇ توختاتمىدى. جاپالىق مەشىق قىلىپ، ئالتۇن كەش يوق تۇرۇپمۇ يۇگۇرۇش ۋە پۇتبول مۇسابىقىلىرىدا ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى.











# ئامەت بىلەن ئاپەت

ئامەت بىلەن ئاپەت گەرچە
بولسىمۇ ئاداش،
تۈگىمەيدىكەن ئارىسىدا
غەۋغا، دەتالاش.
جېدەللىشىپ قالىدىكەن
دائىم بەسلىشىپ،
بىر - بىرىنى كۆزگە ئىلماي
تىللاپ، قەستلىشىپ.
ئامەت دەپتۇ: «سەن مېنىڭدىن
تۇر ئەمدى يىراق،
كېلىپ تۇرار سەندىن دائىم
سېسىق بىر پۇراق.
مېنى ھەممە ‹خۇش كەپسىز› دەپ
قارشى ئالىدۇ،
سېنى كۆرگەن بارچە جانلىق
بەدەر قاچىدۇ.
شۇڭا مېنىڭ ئەل ئىچىدە
ئىناۋىتىم بار،



www.uyghurkitap.com



ئەلگە تەقدىم قىلىدىغان
سائادىتىم بار.»
ئاپەت ئاڭلاپ بۇ گەپلەرنى
كۆلۈپ كېتىپتۇ،
بوش كەلمەستىن ئۇمۇ دەرھال
ئېغىز ئېچىپتۇ.
«يىراق، ساڭا ئېرىشمىكى
تەسقۇ ئاۋامىنىڭ،
سەن يۈرۈيسەن ئارقىسىدا
نەچچە داۋانىنىڭ.
پۇرسەت چىقسا مەن ئۇلارنى
تۇرىمەن يوقلاپ،
مېنى كۆرۈپ ئۇلار دائىم
قاقشايدۇ يىغلاپ.
ئەدىپىنى بېرىپ كەلدىم
تىنچ - ئامانىنىڭ،
كۆكسىگە تىغ ئۇرۇپ كەلدىم
ھەربىر زامانىنىڭ.
سەن ئۆزۈڭچە مەندىن ئۈستۈن
تۇرىمەن دەمسەن،
قانچە قىلساڭ ھەممە ئىشتا
مېنىڭدىن كەمسەن.
نوچى بولساڭ كۆرسىتىپ باق
سەن بىر كارامەت،



ئۇندىن كېيىن كۆرسىتىمەن
مەنمۇ ماھارەت.»
تىت ـ تىت بولۇپ بۇ گەپلەرنى
ئاڭلىغان ئامەت،
دەرھال ھۈنەر كۆرسىتىپتۇ
قىلىپ تېز ھەرىكەت.
تۇرغانىكەن بىر قارا تاش
يولنىڭ چېتىدە،
ئامەت دەرھال كىرىۋاپتۇ
ئۇنىڭ ئىچىگە.
ئېشەك مىنىپ شۇ يول بىلەن
كەپتۇ بىر ئادەم،
كۆزى قارىغۇ، پۇتى توكۇر
قەلبىدە ئەلەم.
قارا تاشنىڭ دەل يېنىغا
كەلگەندە ئېشەك،
بولۇپ قاپتۇ ئۆزىچىلا
چاپقۇر، سەكرىگەك.
قارىغۇ بوۋاي يىقىلىپتۇ
تاشنىڭ ئۈستىگە،
ھار ئاپتۇ ئېشەك ئۇنى
قويغاچ كۆلكىگە.
دەل شۇ چاغدا يۈز بېرىپتۇ
قىزىق كارامەت،



خۇشاللىقتا ئايلىنىپتۇ
شۇ چاغدا ھەسرەت.
يەر ـ جاھاننى كۆرۈپتۇ ئۇ
نۇرلىنىپ كۆزى،
چەبدەس يىگىت بولۇپ قاپتۇ
ساقىيىپ پۇتى.
خۇشال بوپتۇ، نەملىشىپتۇ
كۆزلىرى ياشتىن،
كۆرگەچكە بۇ كارامەتنى
ئۇ قارا تاشتىن.
قارا تاشنى ئۇ ئۆيىگە
ئېلىپ كېتىپتۇ،
ئۇنىڭ بىلەن يەنە كۆپلەپ
ھېكمەت تېپىپتۇ.
نۇرغۇن ـ نۇرغۇن كېسەللەرنى
داۋالاپتۇ ئۇ،
پۇل دېگەننى ئاغرىقلاردىن
راسا ئاپتۇ ئۇ.
شۇ تاش بىلەن ئايلىنىپ ئۇ
كاتتا بىر بايغا،
ئىگە بوپتۇ نەچچە گۈلباغ،
نەچچە سارايغا.
«كارامىتىڭ شۇنچىلىكمۇ؟
دەپتىكەن ئاپەت»،



«ھەئە» دەپتۇ ئۆز ئىشىدىن
كۆرەڭلەپ ئامەت.
«يىراق تۇرغىن سەن ئۇ تاشنىڭ
قېشىدىن ئەمدى،
ئورۇن ئالاي مەنمۇ تاشنىڭ
ئىچىدىن ئەمدى.»
شۇ چاغلاردا پادىشاھنىڭ
قىزى بوپ كېسەل،
ساقايمىغاچ شاھنىڭ يېشى
بولغانىكەن سەل.
شاھقا تاشنىڭ ھېكمىتىنى
ھەممە داڭلاپتۇ،
مەلىكىمۇ بۇ گەپلەرنى
خۇشال ئاڭلاپتۇ.
قىزنى ئېلىپ شاھ ئۇ يەرگە
يېتىپ بېرىپتۇ،
نۇرغۇن ئالتۇن، يامبۇنى تەڭ
ئېلىپ بېرىپتۇ.
مەلىكىنى ساقايتماقچى
بوپتىكەن يىگىت،
چاتاق چىقىپ قىز شۇ يەردە
ئۆلۈپتۇ، ئېسىت.
شاھ شۇ چاغدا غەزەپ بىلەن
توۋلاپتۇ دەرھال،



«كەلگىن جاللات بۇ ئىبلىسنىڭ
جېنىنى تېز ئال!»
جاللاتلارمۇ دەرھال ئۇنىڭ
جېنىنى ئاپتۇ،
ئۇنىڭ تاپقان - تەرگەنلىرى
خەقلەرگە قاپتۇ.
بۇنى كۆرۈپ ئامەت پەقەت
قىلالماپتۇ گەپ،
قاقاقلاپتۇ شۇ چاغ ئاپەت
خۇشال كۆرەڭلەپ.







# پىل ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى

بىزدىن ناھايىتى يىراقتىكى ئافرىقىنىڭ قويۇق ئورمانلىقىدا تۈرلۈك ھايۋانلار ئىجىل ۋە ئىناق ياشايدىكەن. بۇ ئورمانلىقتا بەزىدە ئوۋچىلار ئۇلارنىڭ خاتىرجەملىكىنى بۇزغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇلارغا بىرخىل تىنچ، خاتىرجەم تۇرمۇش ھەمراھ ئىكەن. ئەنە ئاشۇ ھايۋانلارنىڭ ئارىسىدا بىر پىل بىلەن بىر چاشقانمۇ بار ئىكەن.

بىر كۈنى پىل سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ، ئورمانلىقنى ئايلىنىپ كەلمەكچى بولۇپ مېڭىپتۇ. ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنى ئوۋچىلار ئۆلتۈرۈۋەتكەن، ئوماق ئۆكىسىنى ئورمانلىقتا يىتتۈرۈپ قويغان بولغاچقا، يالغۇزلا قالغانىكەن. شۇڭا ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئورمانلىق ناھايىتى زېرەكىشلىك ۋە قورقۇنچلۇق تۇيۇلۇپتۇ. ئۇ تۇغۇلۇپ چوڭ بولغۇچە مۇشۇ ئورمانلىقتىن باشقا يەرگە بېرىپ باقمىغان بولغاچقا، باشقا يەرلەرگە كېتىشكە ئامال قىلالماپتۇ، ئۆكىسىنى ھەرقانچە ئىزدەپمۇ تاپالماپتۇ. ئورمانلىقتا يولۋاس، يىلپىز، تىيىن، مايمۇن، بۇغا دېگەندەك ھايۋانلار كۆپ بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ



www.uyghurkitap.com



«كەلگىن جاللات بۇ ئىبلىسنىڭ
جېنىنى تېز ئال!»
جاللاتلارمۇ دەرھال ئۇنىڭ
جېنىنى ئاپتۇ،
ئۇنىڭ تاپقان - تەرگەنلىرى
خەقلەرگە قاپتۇ.
بۇنى كۆرۈپ ئامەت پەقەت
قىلالماپتۇ گەپ،
قاقاقلاپتۇ شۇ چاغ ئاپەت
خۇشال كۆرەڭلەپ.







# پىل ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى

بىزدىن ناھايىتى يىراقتىكى ئافرىقىنىڭ قويۇق ئورمانلىقىدا تۈرلۈك ھايۋانلار ئىجىل ۋە ئىناق ياشايدىكەن. بۇ ئورمانلىقتا بەزىدە ئوۋچىلار ئۇلارنىڭ خاتىرجەملىكىنى بۇزغانىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇلارغا بىرخىل تىنچ، خاتىرجەم تۇرمۇش ھەمراھ ئىكەن. ئەنە ئاشۇ ھايۋانلارنىڭ ئارىسىدا بىر پىل بىلەن بىر چاشقانمۇ بار ئىكەن.

بىر كۈنى پىل سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ، ئورمانلىقنى ئايلىنىپ كەلمەكچى بولۇپ مېڭىپتۇ. ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى ئوۋچىلار ئۆلتۈرۈۋەتكەن، ئۇماق ئۇكىسىنى ئورمانلىقتا يىتتۈرۈپ قويغان بولغاچقا، يالغۇزلا قالغانىكەن. شۇڭا ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئورمانلىق ناھايىتى زېرىكىشلىك ۋە قورقۇنچلۇق تۇيۇلۇپتۇ. ئۇ تۇغۇلۇپ چوڭ بولغۇچە مۇشۇ ئورمانلىقتىن باشقا يەرگە بېرىپ باقمىغان بولغاچقا، باشقا يەرلەرگە كېتىشكە ئامال قىلالماپتۇ، ئۇكىسىنى ھەرقانچە ئىزدەپمۇ تاپالماپتۇ. ئورمانلىقتا يولۋاس، يىلپىز، تىيىن، مايمۇن، بۇغا دېگەندەك ھايۋانلار كۆپ بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ھېچقايسىسى پىلنى ئارىغا ئالماپتۇ. مايمۇنلار دەرەخ ئۈستىدە قىيغى-تىپ سەكرەپ ئۆزلىرىنىڭ ئويۇننى ئوينىسا، يولۋاس، يىلپىزلار كۈچۈكلىرىنى ئەركىلىتىپ، موللاق ئاتقۇزىدىكەن. قۇشلارمۇ ئۆزلە-رىنىڭ ناخشىسىنى ئېيتىپ نەغمە قىلىپ كۆڭۈل ئاچىدىكەن. پىل ئاشۇ ھايۋانلارغا سالام قىلغان بولسىمۇ، بىراق ھايۋانلاردىن بىرەرسىمۇ ئۇنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالماپتۇ. يولۋاس، يىلپىز ئۇنىڭغا خىرىس قىلىپ، ئۇنى يارىلاندۇرغىلى تاس قاپتۇ. ئاغزى بېسىقمايدىغان بەزى قۇشلار تېخى ئۇنى مازاق قىلىپ تۆۋەندىكىدەك قوشاقلارنى ئېيتىپتۇ:

پىل كالامپاي بىچارە،
ئادىشى يوق، ئۆيى يوق.
ئۇچالمايدۇ بىزلەردەك،
قانىتى يوق، پېيى يوق.
سالپاڭ قۇلاق، يوغانباش،
ئۇزۇن، غەيرىي بۇرنى بار.
تۆت پۇتى بار دەرەختەك،
چاپاق باسقان كۆزى بار.
ئورمانلىقتا، يوللاردا،
ئاۋايلاپىراق ماڭمايدۇ.
شۇڭا ئۇنى بۇ يەردە،
ھېچكىم كۆزگە ئىلمايدۇ.

. . . . . . . . . .



بۇنداق قوشاقلارنى پىلنى قەستەن تېرىكتۈرىدىغان چا-تاقچى قۇشلار توقۇشىمۇ، بۇ پىلغا بەك ھار كەپتۇ. چۈنكى،

قوشاقتىكى بەزى گەپلەر ئۇنىڭ يېغىرىنى ئېچىشتۇراتتى. راست دې-گەندەك ئۇنىڭ ھازىرغىچە ئۆيىمۇ، دوستىمۇ يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ ئالدى بىلەن بۇ ئورمانلىقتىن ئويدانراق دوستتىن بىرنەچچىنى تاپماقچى بولۇپ مايمۇننىڭ يېنىغا كېلىپ مۇنداق دەپتۇ:

ئەي مايمۇنجان، مايمۇنجان،
بىز دوست بولساق بولارمۇ؟
بىللە ئويناپ، تەڭ كۈلۈپ،
شاد يايرىساق بولارمۇ؟

پىلنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ مايمۇن كۈلۈپ كېتىپ مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىپتۇ:

ئۇزۇن بۇرۇن پىلغۇ سەن،
كىملىكىڭنى بىلمەمسەن.
چىقىپ سەنمۇ دەرەخكە،
مېنىڭ بىلەن ئوينامسەن.
ھا، ھا، ھا...
چىقالمايسەن دەرەخكە،
ئاتالمايسەن موللاقنى.
دېيەلمەيمەن ھەرگىز دوست،
سەندەك سالپاڭ قۇلاقنى.



بۇ گەپنى ئاڭلىغان پىل ئۈمىدسىزلىنىپ دەرەخ

ئۈستىدە شاراقلاپ ئولتۇرغان سېغىزخانغا مۇنداق دەپتۇ:

ئەي سېغىزخان، سېغىزخان،
بىز دوست بولساق بولارمۇ؟
بىللە ئويناپ، تەڭ كۈلۈپ،
شاد يايرىساق بولارمۇ؟

بۇ گەپنى ئاڭلىغان سېغىزخان پىلنى مازاق قىلغاندەك شاراقلاپ سايرىۋەتكەندىن كېيىن مۇنداق دەپتۇ:

ئەي پىل دېگەن كالامپاي،
ئۆزۈڭگە بىر قاراپ باق.
ئەپتىڭ شۇنداق پاسكىنا،
بار پالاستەك قوش قۇلاق.
ها، ها، ها...
قانتىڭ يوق، سەن مەندەك
ئۇچالامسەن ئاسماندا.
تېپىپ سەنمۇ خىلىڭنى،
دوست بول پاقا، چاشقانغا.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ پىلنىڭ كۆڭلى يېرىم بوپتۇ. «مېنىڭ ئۇلار بىلەن دوست بولغۇم بار ئىدى، بىراق ئۇلار نېمە ئۈچۈن پاك قەلبىمنى چۈشەنمەيدىغاندۇ؟ سېغىزخان سەن پاقا، چاشقانلار بىلەن دوست بول دەيدۇ. بوپتۇ، ئۇنىڭ گېپىنىڭمۇ



بىر ئاساسى بولۇشى مۇمكىن. پاقا بىلەن چاشقاننى ئىزدەپ ئۇلارغا دوست بولۇشنى ئېيتىپ باقاي». ئۇ ئالدى بىلەن سۇ بويىدىكى يېشىل ئوت - چۆپلەر ئارىسىدا غەمسىز كۆرۈلداپ ئولتۇرغان پاقىنىڭ يېنىغا كېلىپ كۆڭلىنى ئىزهار قىپتۇ:

ئەي پاقىجان، پاقىجان،
بىز دوست بولساق بولارمۇ؟
بىللە ئويناپ، تەڭ كۈلۈپ،
شاد يايرىساق بولارمۇ؟

غەمسىز پاقا پىلنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ مۇنداق دەپتۇ:

ماڭا ئوخشاش سەن سۇدا
ئۈزەلەمسەن؟
خۇشال بولساڭ كۆرۈلداپ
كۈلەلەمسەن؟
چىۋىن، قوڭغۇز، پاشىنى
يېيەلەمسەن؟
سەكرەپ تورۇپ ئۆستەڭدىن
ئۆتەلەمسەن؟
ها، ها، ها...
بولدى، بولدى، سەن بىلەن
دوست بولمايمەن.
سېنىڭسىزمۇ شاد - خۇرام



ياشىيالايمەن.

پاقىنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ پىلنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ يېرىم بوپتۇ. «توۋا، پاقا جېنىدا مېنى كۆزگە ئىلمايۋاتىدۇ، ئەمدى قانداق قىلسام بولار؟ قارىغاندا مەن يالغۇز، دوستسىز ئۆتۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن. ئۇماق ئۆكام نەلەردىمۇ يۈرۈيدىغانسەن، سەن بولغان بولساڭ بۇنچىۋالا زېرىكىپ يالغۇزسىراپمۇ كەتمەستىم. بوپتۇ، ئەڭ ئاخىرىدا چاشقاننىڭ يېنىغا بىر بېرىپ باقاي». شۇنداق خىيال قىلغان پىل خېلى ئۇزۇن ئىزدىگەندىن كېيىن، چاشقاننى توپا كولاۋاتقان يېرىدىن ئاران تېپىپ ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ:

ئەي چاشقانجان، چاشقانجان،
بىز دوست بولساق بولارمۇ؟
بىللە ئويناپ، ئەڭ كۈلۈپ،
شاد يايرىساق بولارمۇ؟

پىلنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان چاشقان خۇشال بولۇپ سەكرەپ كې- تىپتۇ ـ دە، مۇنداق دەپتۇ:

بولسا سەندەك بىر دوستۇم،
خۇشال كۈلۈپ يايرايمەن.
ئىناق ـ ئىجىل دوست بولۇپ،
كۈندە بىللە ئوينايمەن.
سەندەك يوغان، قامەتلىك،



دوستنى تاپماق ئاسانمۇ؟
سەندەك كەمتەر، ھۆرمەتلىك،
دوستنى تاپماق ئاسانمۇ؟

چاشقاننىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ پىل خۇشاللىقىدىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قاپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ پىل بىلەن چاشقان ئىناق دوستلاردىن بولۇپ قاپتۇ. چاشقان تۈرلۈك قىزىقارلىق قوشاقلىرى بىلەن پىلنىڭ كۆڭلىنى خۇشال قىلسا، پىلمۇ يوغان بەستىگە ئانچە ماس كەلمەيدىغان يۇمۇرلۇق قىلىقلارنى قىلىپ چاشقاننى كۈلدۈرۈۋېتىپتۇ. ئەمدى پىل ئانچە زېرىكمەيدىغان بوپتۇ.

بىر كۈنى پىل بىلەن چاشقان ئەنە ئاشۇنداق بىر - بىرىنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىپ ئويناۋاتقاندا، بىر بۆكەن ھاسىراپ، ھۆمۈدىگىنىچە ئۇلارنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەپتۇ. پىل سوراپتۇ:

— ھەي بۆكەن، ساڭا نېمە بولدى؟ نېمانچە ئالاقزادە بولۇپ كەتتىڭ؟

— ھەي پىل ئاكا، تېز يوشۇرۇنۇڭ، ئورمانلىقىمىزغا يەنە ئوۋچىلار كەلگەن ئوخشايدۇ! — ھاسىراپ كەتكەن بۆكەن گېپىنى تۈگىتىپلا يۈگۈرگىنىچە كۆزدىن غايىب بوپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان پىل قانداق قىلارىنى بىلەلمەي ھودۇقۇپ، تەمتىرەپ ئالدى - كەينىگە ماڭغىلى تۇرۇپتۇ، چۈنكى ئۇ ئوۋچىلاردىن بەك قورقىدىكەن. بۇنى كۆرگەن چاشقان:



— دوستۇم، سەن ئوۋچىلاردىن قورقۇۋاتقان ئوخشىمامسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

پىل ھەئە دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتىپ، بوش ئاۋازدا

مۇنداق دەپتۇ:

—ئۇۋچىلار بەك قەبىھ، ئۇلار مېنىڭ ئاتا ـ ئانامنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئۆلتۈرۈپ پارە ـ پارە قىلىۋەتكەن. ئۇماق ئىنىمنىڭ يوقاپ كېتىشىگىمۇ ئۇلار سەۋەب بولغان، مېنى كۆرۈپ قالسا ھەرگىز تىرىك قويمايدۇ. قارىغاندا مېنىڭ ئەجىلىم توشقان ئوخشايدۇ، قانداق قىلسام بولار؟

كۆپ ئۆتمەي ئورمانلىقتىكى بارلىق ھايۋانلار ئۇۋچىلاردىن قورقۇپ، پاتپاراق بولۇپ ھەر تەرەپكە قېچىشقا باشلاپتۇ. دېمەك، ئۇۋچىلار يېقىن ئەتراپقا كېلىپ قالغانىدى.

—مەن ئەمدى ھېچ يەرگە يوشۇرۇنالمايمەن، قانداق قىلسام بولار؟

—پىل ئازاب بىلەن ھۆركىرىۋېتىپتۇ. پىلنىڭ بىچارە ھالىتىنى كۆرگەن چاشقان تېزلىك بىلەن ئەقىل تېپىپتۇ:

—ھەي پىل، مەن سېنى يوشۇرۇپ قويالايمەن.

چاشقاننىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلىغان پىل ئالدىراپ سوراپتۇ:

—قانداق يوشۇرالايسەن؟!

—ئەمىسە سەن مېنىڭ دېگىنىم بويىچە قىلغىن!

—ئەگەر جېنىم ئامان قالىدىغانلا بولسا، سەن نېمىنى قىل دېسەڭ شۇنى قىلىمەن.

چاشقان پىلنى ئۆزىنىڭ ئۇۋىسىنىڭ ئالدىدىكى دۆڭلەرنىڭ ئارىسىدىكى بوش يەرگە ياتقۇزۇپتۇ. ئارىلىقتا ئازراق يوقاپ كېتىپ، نۇرغۇن دوستىنى باشلاپ كەپتۇ. ئۇلار تېزلىك بىلەن پىلنىڭ ئۈستىگە توپا چېچىپ، ئۇنىڭ ئۈستىنى نېپىز بىر قەۋەت توپا بىلەن كۆمۈۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پىل تەبىئىي بىر دۆڭگە ئايلىنىپ قاپتۇ. چاشقان پىلغا ھەرگىز مىدىر-



لىماسلىقىنى تاپىلاپتۇ.

كۆپ ئۆتمەي ئۇۋچىلار ئاتلىرىنى كىشنىتىپ يېتىپ كەپتۇ. گەرچە ئۇلار پىلنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، پىلنى «دۆڭ» ئوخشايدۇ دەپ پەرۋاسىز كېتىپتۇ. پىل خەتەردىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ. ئۇ چاشقاننىڭ ياخشىلىقىدىن كۆپ مىننەتدار بوپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ دوستلۇقى تېخىمۇ قويۇقلىشىپتۇ.

بىر كۈنى تاڭ سۈزۈلۈشكە يېقىن چاقماق چېقىپ، ھاۋا گۈل-دۈرلەپ، شارقىراپ يامغۇر يېغىپ كېتىپتۇ. يامغۇر چېلەكلەپ قۇي-غاندەك يېغىۋاتقاچقا، ئورمانلىقتا يامغۇر سۈيى ئۆستەڭ بولۇپ ئېقىپ-تۇ. ئورمانلىقنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلىدىغان پىل بۇنىڭدىن چوقۇم كەلكۈن كېلىدىغانلىقىنى بىلىپ، چاشقانلارنىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. پىلنىڭ ئۆيى دۆڭدە بولسىمۇ، چاشقاننىڭ ئۆيى ئويماندا بولغاچقا، كەلكۈن كەلسە ئۇلارغا خەۋپ يەتمەي قالمايتتى. پىل چاش-قاننىڭ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ قاتتىق ۋارقىراپتۇ.

چاشقانجان، تېز ئۆيۈڭدىن چىق، كەلكۈن كېلىدىغان بولدى، تېز ئۆيۈڭدىن چىق! — پىلنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان چاشقان ئۆيدىن يۈگۈ-رۈپ چىقىپتۇ. پىل ئۇنى ۋە باشقا چاشقانلارنى خارتۇمى بىلەن دۈمبە-سىگە ئېلىپ، ئۆزى تۇرۇۋاتقان دۆڭگە قاراپ يۈگۈرۈپتۇ.

پىل تۇرۇۋاتقان دۆڭدىن پەستىكى ئورمانلىقتا بولۇۋاتقان ئىش-لارنى كۆرگىلى بولىدىكەن. پىل چاشقاننى بىخەتەر يەرگە ئورۇنلاش-تۇرۇپ قويۇپ، يەنە باشقا ھايۋانلارنى ئۇيغىتىۋېتىش ئۈچۈن چېپىپتۇ. ئاڭغىچە كۈچلۈك كەلكۈن يېتىپ كەپتۇ. پىلنىڭ ئاۋۋال ئۆزى بىلەن دوست بولۇشنى خالىمىغان مايمۇنغا كۆزى چۈشۈپتۇ. ئۇ دەرەخ ئۈستىدە بولۇپ، كەلكۈن دەرەخكە



شىددەتلىك ئۆرۈلۈپ، دەرەخنى قومۇرۇۋېتەيلا دەپ قالغانىدى. مايمۇن دەرەخكە چىڭ يېپىشقىنىچە قورققىنىدىن چىرقىرىماقتا ئىدى. پىل تېزلىك بىلەن مايمۇننىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنى خارتۇمى بىلەن يۆگەپ دۈمبىسىگە ئېلىپ، ئۆزىنىمۇ چۆكۈرۈۋېتىشكە ئاز قالغان كەلكۈن سۈيىنى كېچىپ دۆڭگە ئېلىپ چىقىپتۇ. ئۇ يەنە ئۆزى بىلەن دوست بولۇشنى خالىمىغان سېغىزخاننىڭ تېخى ئۇچۇرما بولمىغان بالىلىرىنى، پاقىنى ۋە يەنە بۆكەن، بۇغا قاتارلىق ھايۋانلارنى قۇتقۇزۇپ دۆڭگە ئېلىپ چىقىپتۇ.

پىلنىڭ خالىسانە دوستلۇقى ھەممەيلەننى تەسىرلەندۈرۈپتۇ. ئۇنىڭ بىلەن دوست بولۇشنى خالىمىغان مايمۇن، پاقا، سېغىزخانلار بەكمۇ خىجىل بوپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئورمانلىقتىكى ھەممە ھايۋانلار پىلنى ھۆرمەتلەيدىغان، ئۇنىڭ بىلەن دوستانە ئۆتىدىغان بوپتۇ ھەمدە ئۇنىڭ يوقاپ كەتكەن ئۇكىسىنى ئىزدەپ تېپىپ بېرىپتۇ. بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇشال بولغان پىل ئورمانلىقتا تېخىمۇ ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بەل باغلاپتۇ.








# بىلەن بورسۇق

تۈلكە گۈزەل يۇرتىدا خۇشال ئويناپ قانغاندىن كېيىن، ئاپىسىنىڭ نەسىھىتى بويىچە مۇستەقىل ياشاشنى ئۆگىنىشكە كىرىشىپتۇ. ئۇ ئاپىسىنىڭ دېگىنى بويىچە ئالدى بىلەن ئۆزىگە سادىق ئاق كۆڭۈل دوست تاپماقچى بوپتۇ.

—ئەمدى مەن كىملەر بىلەن دوست بولسام بولار؟ ماڭا ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي، ئەقىللىق دوست كېرەك. بۇنداق دوستنى نەدىن تاپىمەن؟ —تۈلكە دوست تېپىش ئۈچۈن ئۆيىدىن چىقىپ، ئۆستەڭ بويىنى بويلاپ ئالدىغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۆستەڭ بويىدا باراقسان بولۇپ ئۆسكەن بۆلجۈرگەنلەر، ئىت ئۈزۈملەر، «قىزىل قاچا» دەپ ئاتىلىدىغان ياۋا ئۆرۈكلەر ئۇنى جەلپ



قىلالماپتۇ. شۇڭا، ئۇ دوست تېپىش مەقسىتىدە يوگۇرگىنىچە ياۋا مېۋىلىك ۋە چاتقاللىقلار ئارىسىغا كىرىپتۇ.

تۈلكە چاتقاللىقلار ئىچىدە كېتىۋاتقاندا، ئۆزىگە يېقىنلا يەردە تۇرغان بورسۇقنى كۆرۈپ قاپتۇ.

—ئاپامنىڭ ئېيتىشىچە بورسۇق بىزنىڭ شىرەم تۇغقانلىرىمىز ئىكەن. ئۇنداق بولغاندىن كېيىن بورسۇقجان بىلەن دوست بولسام بولغۇدەك، ئاۋۋال ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ سۆزلىشىپ باقاي. ئۇ بورسۇقجاننىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام قىپتۇ:

—سالام بورسۇقجان، قانداق ئەھۋالىڭ؟ ئىككىمىز دوست بولايلى، بولامدۇ؟

—مەن...، مەن...، مەن سىزنى پەقەتلا تونۇيالمىدىمغۇ.

—شۇنداق، سەن مېنى تونۇمايسەن، بىز سىلەر بىلەن تۇغقان بولىمىز، مېنىڭ ئىسمىم تۈلكە.

تۈلكىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ بورسۇقنىڭ چىرايى ئۆڭۈپتۇ ۋە نېمىدىندۇر قورققاندەك تېخىمۇ دۇدۇقلاپ مۇنداق دەپتۇ:

—خاپا بولمىسىڭىز، مېنىڭ ناھايىتى ئالدىراش ئىشىم بار ئىدى، شۇڭا... مەن ماڭاي، — بورسۇقجان گېپىنى ئۈزۈۋېتىپلا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ تېز مېڭىپ كېتىپتۇ.

—ھەي، توختا، نەگە ئالدىرايسەن، مەن سەن بىلەن شىرەم تۇغقان، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن بىلەن دوست بولغىلى كەلگەن تۇرسام، بۇنداق قىلساڭ قانداق بولىدۇ؟! — تۈلكە يوگۇرۇپ بېرىپ بورسۇقجاننى توسۇۋاپتۇ.



— مەن سەن بىلەن دوست بولالمايمەن، سەن قانداقسىگە بىزنىڭ تۇغقىنىمىز بولىسەن، كۆڭلۈڭگە كەلسىمۇ

دەۋرەي، سىلەرنىڭ قانداق خۇي ـ پەيلىڭلارنىڭ بارلىقىنى مەن ئاپام-
دىن كۆپ ئاڭلىغان، ــ بورسۇق دۆڭگە چىقىۋېلىپ پۇتىنى ئالماپ
ئولتۇرغاندىن كېيىن تۈلكىگە دومسىيىپ تەتۈر قاراپ تۇرۇۋاپتۇ.

ــئەدەپلىكرەك بولغىن بورسۇقجان، مەنمۇ ساڭا ئەدەپ بىلەن
مۇئامىلە قىلىۋاتىمەنغۇ، مەن بىلەن كۆرۈشە ـ كۆرۈشمەيلا بۇنداق
قوپال مۇئامىلە قىلساڭ قانداق بولىدۇ؟ سېنىڭ ئاپاڭ بىزنىڭ خۇي ـ
پەيلىمىزنى باشقىچە دەپ بەرگەن ئوخشىمامدۇ، «مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر
كۆرگەن ئەلا» دېگەن گەپ بار، سەن ئەڭ ياخشىسى مەن بىلەن دوست
بولۇپ، مېنىڭ قانداقلىقىمنى سىناپ باقمامسەن.

ــمەن سىلەرنى مۇغەمبەر، قۇۋ، ھىيلىگەر دەپ ئاڭلىغان، سى-
لەرنىڭ قولۇڭلاردىن قۇۋلۇق ـ شۇملۇقتىن باشقا ئىش كەلمەيدىكەن-
غۇ. رەنجىمەڭ، مەن سىزدەك مۇغەمبەر بىلەن دوست بولۇشنى خالى-
مايمەن. بورسۇقجان گېپىنى تۈگىتىپلا بۆلجۈرگەنلىك دۆڭدىن يۇ-
گۈرۈپ چۈشۈپ، ئۆستەڭ بويىنى بويلاپ بەدەر تىكىۋېتىپتۇ.

تۈلكە دوست تاللاشنىڭ تۇنجى قەدىمىدىلا زەربىگە ئۇچرىغان
بولغاچقا، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قاپتۇ. ئەمدى ئۇ باشقا بىر يەرگە
بېرىپ دوست تاپماقچى بولۇپ تۇرغاندا، بايىقى بورسۇقنىڭ «قۇتقۇ-
زۇڭلار! قۇتقۇزۇڭلار!!» دېگەن ئەنسىز ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. تۈلكە دەرھال
ئاۋاز چىققان تەرەپكە يۈگۈرۈپتۇ. ئۇ دۆڭدىن ئارتىلىپ ئۆستەڭ بويى-
دىكى چىغىر يولغا چۈشكەن بولسىمۇ بورسۇقنى كۆرەلمەپتۇ. شۇن-
داقتىمۇ بورسۇقنىڭ «قۇتقۇزۇڭلار!» دېگەن ئاۋازى يېقىنلا
يەردىن ئاڭلىنىپتۇ. ئۇ بورسۇقنىڭ ئاۋازىنىڭ ئۆستەڭنىڭ
ئىچىدىن چىقىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، ئۆستەڭنى بويلاپ ئىز-
دەشكە باشلاپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بۇ ئۆستەڭنىڭ سۈيى ئەڭ كۆپ بېرى بولۇپ، تاغ سۈيى تاشلاردىن تاشلارغا ئۇرۇلۇپ ھەيۋەت بىلەن ئاقاتتى. بۇ يەرگە بورسۇق ئەمەس ئېيىق چۈشۈپ كەتسىمۇ بىرنەچچە يېرىنى زەخىملەندۈرمەي چىقالمايتتى. تۈلكە بورسۇقنىڭ ئۆستەڭنىڭ قىرىدىكى بىر تال سۆگەت يىلتىزىغا ئېسىلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. بورسۇق قورقۇپ كەتكەچكە «قۇتقۇزۇڭلار! قۇتقۇزۇڭلار!!» دەپ توختىماي ۋارقىراۋاتاتتى. سۆگەت يىلتىزىمۇ بورسۇقنىڭ ئېغىرلىقى بىلەن ئاستا - ئاستا سوزۇلۇپ، ئۈزۈلۈپ كېتىشكە ئاز قالغانىدى. ئەگەر تۈلكە يەنە كېچىكسە بورسۇق جېنىدىن ئايرىلاتتى. شۇڭا ئۇ ئۆستەڭ بويىدىكى سۆگەتنىڭ شېخىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ قۇيرۇقىنى بورسۇقجانغا سۇنۇپ بېرىپتۇ.

— تېز بول، مېنىڭ قۇيرۇقۇمنى چىڭ تۇت، ھودۇقما، مېنىڭ قۇيرۇقۇمنى تۇت دەيمەن!

بورسۇق كۆزىنى ئېچىپ تۈلكىنىڭ قۇيرۇقىنىڭ ئۆزىنىڭ ئالدىدىلا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، قولىنى سۆگەت يىلتىزىدىن بوشىتىپ تۈلكىنىڭ قۇيرۇقىنى تۇتماقچى بولغاندا، ھودۇقۇپ كەتكەچكە قولى بوشاپ كېتىپ ۋارقىرىغىنىچە ئۆستەڭگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن تۈلكە بورسۇقنىڭ كەينىدىن قاينامغا ئۆزىنى ئېتىپتۇ.

تۈلكە مۇشۇ ئۆستەڭگە چۆمۈلۈپ چوڭ بولغان بولغاچقا، سۇ ئۈزۈشكە ئۇستا ئىكەن. ئۇ شاۋقۇنلۇق ئۆستەڭ ئىچىدە چەبدەسلىك بىلەن ئۈزۈپ ھوشىدىن كەتكىلى تۇرغان بورسۇقنى تۇتۇۋېلىپ بويىنىغا مىندۈرۈپ، قىرغاققا ئېلىپ چىقىپتۇ. بورسۇق قورقۇپ كەتكەنلىكىدىنمۇ ياكى سۇنى كۆپ ئىچىۋالغانلىقىدىنمۇ ھوشىدىن كەتكەنىكەن. تۈلكە بورسۇقنى ئوڭدا ياتقۇزۇپ، قورسىقىنى بېسىپ ئاغزىدىن سۇ ياندۇرۇپتۇ. دەل شۇ چاغدا



بورسۇقنىڭ ئاتا - ئانا، تاغا - ھاممىلىرى توقماق، كالتەكلەرنى كۆتۈ-
رۈشۈپ چۇقان سالغىنىچە كېلىپ تۈلكىگە ھۇجۇم قىپتۇ. نېمە بول-
غانلىقىنى بىلەلمەي قالغان تۈلكە ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ بولغۇچە بې-
شىغا بىرنەچچە كالتەك يەپتۇ. ئۇلار تۈلكىنى بىر تەرەپتىن ئۇرۇپ، بىر
تەرەپتىن ۋارقىراپ تىللاپتۇ.

—ھوي مۇغەمبەر تۈلكە، ئاتا - بوۋىلىرىڭنىڭ بىزگە قىلغان
ئەسكىلىكلىرى ئازدەك سەنمۇ بىزنىڭ بۇ ئامراق بالىمىزغا زىيانكەش-
لىك قىپسەن - دە، ئەمدى بىز سەن مۇغەمبەر تۈلكىلەردىن كونا -
يېڭى ھېساباتنى بىراقلا ئالمايدىغان بولساق! بورسۇقنىڭ دادىسى قو-
لىدىكى توقماقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۈلكىنى ئۇرماقچى بولغاندا، بور-
سۇق ھوشىغا كېلىپ كۈچەپ ۋارقىراپتۇ.

—دادا، ئۇنى ئۇرماڭلار! ئۇ جېنىمنى قۇتقۇزۇۋالغان دوستۇم، ئۇ
بولمىغان بولسا مەن ئاللىقاچان جېنىمدىن ئايرىلغان بولاتتىم!

بورسۇقنىڭ ئاتا - ئانىسى ۋە باشقا ئۇرۇق - تۇغقانلىرى گاڭگى-
رىغان ھالدا توقماق - كالتەكلىرىنى تاشلاپ بورسۇقنى قۇچىقىغا ئاپ-
تۇ...

تۈلكىگە بىرنەچچە توقماق خېلى ئوبدان تەگكەن بولغاچقا، ئۇنىڭ
كۆز - قاپاقلىرى ئىششىپ چىقىپتۇ.

—بالام، بۇ مۇغەمبەر تۈلكە سېنى قانداق قۇتقۇزۇۋالدى؟ سېنىڭ
دەۋاتقىنىڭ ئۇلارنىڭ تەبىئىتىگە يات بىر ئىشقۇ؟ — بورسۇقنىڭ ئا-
پىسى ئۇنى باغرىغا باسقىنىچە شۇنداق دەپتۇ.



—ئاپا، دادا، سىلەر تۈلكىلەرنىڭ ھەممىسى قۇۋ-
ھىيلىگەر، مۇغەمبەر بولىدۇ دەۋاتاتتىڭلار. بۇ تۈلكە ئۇنداق
ئەمەسكەنغۇ، —بورسۇق بايا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئۇلارغا

سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ بورسۇقنىڭ ئاتا - ئانىسى ۋە باشقا تۇغقانلىرى ئۆزلىرىنىڭ قىلىقىدىن خىجىل بولۇپ، تۈلكىدىن قايتا - قايتا ئەپۇ سوراپتۇ ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ ئۇقۇشماسلىقتىن قىلىپ قويغان ئەسكىلىكىنى يۇيۇش ئۈچۈن تۈلكىنى بورسۇقلار مەھەللىسىگە ئاپىرىپ قانغۇدەك ئوينىتىپ، ئوبدان مېھمان قىپتۇ. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن بورسۇق بىلەن تۈلكە دوست بولۇپ ئۆتۈپتۇ.





# كېپىنەك قىز



مەلىكىئاي بۇ يىل بەش ياشقا كىردى. مەلىكىئاينىڭ يۈزى ئاق، كۆزلىرى قاپقارا، كىچىككىنە لەۋلىرى جىنەستىدەك قىزىل بولۇپ، قىلىقلىرى تولىمۇ ئوماق، گەپ سۆزلىرى بەكمۇ چۈچۈك ئىدى. ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ خىزمىتى بەك ئالدىراش بولغاچقا، ئۇ بەزىدە يىراق تاغ ئىچىدىكى مومىسىنىڭ ئۆيىدە، بەزىدە يەسلىدە تۇراتتى. ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى بىلەن تۇرىدىغان ۋاقتى ئانچە كۆپ بولمايتتى. ئاپىسى ئۇنىڭغا گۈل بەرگىلىرىدەك چىرايلىق كىيىملەرنى كىيگۈزۈپ قو- ياتتى. شۇڭا ئۇ خۇددى چىرايلىق ئېچىلغان بىر تال گۈلگە ياكى گۈلدىن - گۈلگە قونۇپ ئۇچۇپ يۈرگەن كېپىنەككە ئوخشاپ قالاتتى.

مەلىكىئاي ئاپىسى بىلەن بىللە بولغان چاغلاردا بەك خۇش بولۇپ كېتەتتى. ئاپىسى ئۇنىڭغا تۈرلۈك ئويۇنچۇقلارنى، رەسىملىك كىتاب- لارنى ئېلىپ بېرەتتى. ئاپىسى تاماق ئېتىپ، ئۆي ئىشلىرىنى قىلغاندا، ئۇ ئويۇنچۇقلىرىنى ئوينايتتى. ئاپىسى بىكار بولغاندا ئۇنىڭغا رەسىملىك كىتابتىكى قىزىقارلىق چاتما چۆچەكلەرنى ئو- قۇپ بېرەتتى. بەزى چاغلاردا ئاپىسى ئۇنى مومىسىنىڭ ئۆ- يىگە ئاپىرىپ قوياتتى.



مەلىكىئايمۇ مومىسى ئايخان مومايغا بەك ئامراق ئىدى.

uyghurkitap.com



ئايخان موماينىڭ ئۆيى تاغ ئىچىدىكى گۈزەل مەنزىرىلىك جايدا ئىدى. ئۇ يەردىكى تاغ چوققىلىرىدىن تۆۋەنگە ئوخچۇپ چۈشۈۋاتقان زۇمرەتتەك سۇلارنى، تۈرلۈك ياۋا گۈللەر ئېچىلىپ پورەكلەپ كەتكەن يېشىل ئوتلاقلارنى، ئېگىز قارىغاي، چىنارلارنى، يېقىنلا يەردە كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاق باشلىق تاغلارنى كۆرگىلى بولاتتى. شۇڭا مەلىكئاي بۇ يەرگە كەلسە بەك يايراپ كېتەتتى. شەھەردە ئەركىن ئوينىيالمىغاچقا، بۇ يەردە ئۆزىنى تولىمۇ ئازادە ھېس قىلاتتى.

كېچىسى مومىسى ئۇنىڭغا قىزىقارلىق چۆچەكلەرنى ئېيتىپ بېرەتتى. كۈندۈزى ئۇ ئەتىگەنلىك چېيىنى ئىچىپلا ئىشىك ئالدىدىكى ئوتلاقتا ئوينايتتى. بۇ يەردىكى ھەممىلا نەرسە ئۇنىڭ ئۈچۈن شۇنداق گۈزەل ۋە يېڭى تۇيۇلاتتى.

بىر كۈنى ئايخان مومىنىڭ مىجەزى بولمىغاچقا ئورنىدىن تۇ- رالمىدى. مەلىكئاينىڭ بوۋىسى ئەتكەنچاي، يۇمشاق توقاچ بىلەن مە- لىكئاينى ناشتا قىلدۇرغاندىن كېيىن، مەھەللە دوختۇرخانىسىغا دورا ئەكەلگىلى كەتتى. مەلىكئاي مومىسىنىڭ يېنىدا بىردەم ئولتۇردى، شۇ چاغدا موماي ئۇخلاپ قالدى. مەلىكئاي ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرۇپ زېرىكتى، شۇڭا ئۇ ئوتلاقتا ئويناپ كىرمەكچى بولۇپ سىرتقا چىقتى.

بۈگۈن ھاۋا ئوچۇق بولۇپ، ئوتلاقتىكى گۈل - چېچەكلەردىكى سۈزۈك شەبنەملەر قوياش نۇرىدا يالتىرايتتى. ئېگىزدىن پەسكە چۈ- شۈۋاتقان سۈپسۈزۈك تاغ سۇلىرىدىن ھەسەن - ھۈسەندەك نۇر ھالقى- لىرى جىلۋە قىلاتتى. رەڭدار كېپىنەكلەر خۇددى ئۇچۇپ يۈرگەن گۈللەرگە ئوخشايتتى. بۇ مەنزىرىلەر مەلىكئاينى بەكمۇ خۇش قىلىۋەتتى. ئۇ ئوتلاقتىكى خۇشپۇراق چېچىپ تۇرغان گۈللەرنى ئۈزۈپ، ئۇلارغا خۇددى دوستلىرىغا سۆز-



لىگەندەك سۆزلەيتتى.

— ھەي چىرايلىق گۈل، سېنىڭمۇ ئاپاڭ بىلەن داداڭ شەھەردىمۇ؟ ئۇلارنىڭمۇ خىزمىتى ئالدىراشمۇ؟ سىلەر نېمىشقا يەسلىگە بارمايسىلەر؟ مەن يەسلىنى ياخشى كۆرمەيمەن، ئۇ يەردە ماڭا يېگۈم يوق تاماقنىمۇ زورلاپ يېگۈزىدۇ، ھەممىمىزگە ئوپمۇئوخشاش بىر ناخشىنى ئۆگىتىدۇ، ئۇخلىغىمىز كەلمىسىمۇ ئۇخلاڭلار دەپ ئۇخلىتىدۇ. . . مەن دادامنى ئانچە كۆپ كۆرەلمەيمەن، ئۇنىڭ خىزمىتى بەك ئالدىراش بولغاچقا، كەچتە دادام ئىشتىن كەلگۈچە مەن ئۇخلاپ قالىمەن، مەن ئەتىگەندە ئورنۇمدىن تۇرۇپ بولغۇچە دادام ئىشقا كېتىدۇ. . .

مەلىكىئاي شۇنداق گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا، ئۆزىدە غەيرىي بىر ئۆزگىرىشنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى سەزدى. ئۇنىڭ تەقى - تۇرقى كېپىنەككىلا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ چىرايلىق كۆينەكلىرى كېپەنەكنىڭ قانىتىغا ئۆزگەرگەنىدى. ئۇ گۈلدىن - گۈلگە قونۇپ ئەركىن ئۇچۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا بوي - تۇرقى ئۆزى بىلەن تەڭ بىرنەچچە كېپىنەك ئۇچۇپ يۈرەتتى.

— ۋىيەي، كېپىنەكلەر يوغىناپ كەتتىمۇ ياكى مەن كىچىكلەپ كەتتىممۇ، ئۇلار نېمىشقا مەن بىلەن تەڭ؟ مەن نېمىشقا قاناتلىق بولۇپ قالدىم؟ مەن ئۇچالمايتتىمغۇ، ئەمدى ئەجەب ئۇچالايدىغان بولۇپ قاپتىمەن. بەك ياخشى بولدى، بەك ياخشى بولدى، مەن ئەمدى يەسلىنىڭ تاملىرىدىن ئۇچۇپ چىقىپ كېتەلەيدىغان بولدۇم!—



مەلىكىئاي شۇنداق خىياللارنى قىلىۋاتقاندا ئاق، سېرىق، ھال رەڭلىك ئۈچ كېپىنەك ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ قوندى. ئۇلار ھازىر قىرىقىزنىڭ يوغان ياپرىقىنىڭ ئۈستىدە ئىدى. مەلىكىئاي ئۇچۇن ئۇ خۇددى كەڭرى يېشىل سەھنىدەك تۇيۇلدى.

—ھەي، قىزچاق، سىز بۇ يەرگە مېھمان ئوخشىماسسىز؟— كېپىنەكلەردىن بىرسى مەلىكىئايدىن سورىدى.

—ھە، مەن يىراق يەردىن بۇ يەردىكى مومامنىڭ ئۆيىگە كەلگەن...

مەلىكىئايىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان كېپىنەكلەر كۈلۈپ كەتتى.

—مومام دېگەن نېمە گەپ ئۇ؟

بۇلار مېنى مازاق قىلىۋاتىدۇ دەپ مەلىكىئايىنىڭ ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ھازىر يەسلىدىكى باللار بىلەن ئەمەس، كېپىنەكلەر بىلەن گەپلىشىۋاتقانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ ئەستايىدىللىق بىلەن سۆزلىدى:

—مومام دېگەن مېنىڭ ئاپامنىڭ ئاپىسى، ئۇ ماڭا ناھايىتى قىزىقارلىق چۆچەكلەرنى ئېيتىپ بېرىدۇ، ماڭا بەك ئامراق، مەن بولسام ئۇ زېرىكمەيدۇ. مەن ئۇنىڭغا شېئىر - قوشاقلارنى ئېيتىپ بېرىمەن، ئۇسسۇل ئويناپ بېرىمەن.

—بىزمۇ زېرىكىپ تۇراتتۇق، ناخشا ئېيتىپ بەرسىڭىز بوپتىكەن، —كېپىنەك قىزلار مەلىكىئايىنى ناخشا ئېيتىپ بېرىشكە زورلاپ تۇرۇۋالدى. مەلىكىئاي ئۆزىمۇ قوشاق ئوقۇشقا، ناخشا ئېيتىشقا ئۇستا بولغاچقا، بەك تارتىنىپ ئولتۇرمايلا ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ ناخشا ئېيتتى.

موموم دەيدۇ ئاسماندا،
يۇلتۇزۇڭ بار سېنىڭمۇ.
ياخشى ئادەم بولساڭ سەن،
نۇرى چاقنار ئۇنىڭمۇ.
ھەر ئاخشىمى قارايمەن،
ئۈمىد بىلەن ئاسمانغا.



يۇلتۇزۇمغا سۆزلەيمەن،
قەلبىم تولۇپ ئارمانغا.
ئەي يۇلتۇزۇم، يۇلتۇزۇم،
سەن گېپىمنى ئاڭلىغىن.
ياخشى ئادەم بولايمەن،
سەنمۇ نۇر چاچ، پارلىغىن.

مەلىكىئاي «يۇلتۇزۇم» دېگەن ناخشىنى ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن، كېپىنەكلەر چاۋاك چېلىپ كېتىپتۇ. شۇڭا ئۇ ئىلھاملىنىپ تۆۋەندىكى «كۈچۈكۈم» دېگەن ناخشىنى ئېيتتى:

مېنىڭ ئوماق كۈچۈكۈم،
مەن بىلەن تەڭ ئوينايدۇ.
مېھمان كەلسە ئۆيۈمگە،
خۇشال بولۇپ يايرايدۇ.
ئىشتىن كەلگەن ئاپامغا،
ئەركىلەيدۇ، تاقلايدۇ.
دادام ئىشتىن كەلگۈچە،
يەنە ئۇنى ساقلايدۇ.
مېنىڭ ئوماق كۈچۈكۈم،
ھەرگىز مەينەت يۈرمەيدۇ.
بەك ئەقىللىق، ئەدەپلىك،
يىغلىمايدۇ، كۈلمەيدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



مەلىكىئاي ناخشىنى چۈچۈك تىل بىلەن بەكمۇ چىرايلىق ئېيتقاچقا، كېپىنەكلەر خۇشال بولۇپ ئۇنى ماختاپ كېتىشتى. شۇڭا مەلىكىئاي يەسلىدىكى مۇئەللىملىرى ۋە ئاپىسى ئۆگەتكەن ناخشىلارنىڭ ھەممىسىنى بىر - بىرىگە ئۇلاپ ئېيتىۋەردى. ئادەتتە مەلىكىئاي ئۇنى ئېلىپ بېرىمەن، بۇنى ئېلىپ بېرىمەن دەپ بىرمۇنچە يالۋۇرغۇزغاندىن كېيىن ئاران بىر ناخشىنى ئېيتىپ قويۇپ، يەنە نېمە ئېلىپ بېرىسەن، بولمىسا ئېيتمايمەن، دەپ تورۇۋالاتتى. بۈگۈن ئۆزىنىڭ بۇنچە كۆپ ناخشىنى بىراقلا ئېيتىۋەتكىنىگە ئۆزىمۇ ھەيران قالدى. ئۇنىڭدىن باشقا ناھايىتى چىرايلىق ئۇسسۇللارنىمۇ ئويناپ بەردى. كېپىنەكلەر مەلىكىئايىنى تاغ ئېچىدىكى تېخىمۇ چىرايلىق، تېخىمۇ مەنزىرىلىك يەرلەرگە ئاپىرىپ ئويناتتى. مەلىكىئاي ئۆزىنىڭ كېپىنەكلەر بىلەن ئۇچۇۋاتقانلىقىدىن بەكمۇ خۇشال بولدى. ئۇ مۇنداق ئويلىدى:

— ئەمدى بەك ياخشى بولدى، مەن ئۇچۇپ نەگە بارغۇم كەلسە شۇ يەرگە بارالايمەن، خالىسام باغچىغا بارىمەن، ئاپامنى كۆرگۈم كەلسە ئۇنىڭ يېنىغا ئۇچۇپ بارالايمەن.

ئۇنىڭ ئۇچقانسېرى ئۇچقۇسى كېلەتتى. ئېگىز ئۆرلىگەنسېرى تېخىمۇ ئېگىز ئۆرلىگۈسى كېلەتتى.

مەھەللە دوختۇرخانىسىدىن دورا ئېلىپ يېنىپ كەلگەن مەلىكىئاينىڭ بوۋىسى ئۆيگە كىرىپ ئايخان مومايىنىڭ تاتلىق ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆردى، بىراق مەلىكىئاي ھېچ يەردە كۆرۈنمەيتتى. بوۋاي ھەممە يەرنى ئىزدەپ مەلىكىئايىنى تاپالمىغاندىن كېيىن، ئەنسىزلىككە چۈشۈپ ئايخان مومايىنى ئويغاتتى.



— مەلىكىئاي قېنى، ئۇ يوق تۇرىدىغۇ؟ — بۇ گەپنى

ئاڭلىغان ئايخان موماي چۆچۈپ كەتتى.

—نېمە دەيدىغاندۇ ماۋۇ ئادەم، ھازىر تېخى بارتىغۇ!

ئايخان موماي ئورنىدىن ئىتتىك تۇرۇپ كەتتى. ئۇلار جىددىيلەشىپ مەلىكىئاينى ئىزدەشكە باشلىدى. ئۇلار مەلىكىئاينى ئىشىك ئالدىدىكى ئوتلاقنىڭ ئوت - چۆپلەر قويۇق ئۆسكەن يېرىدىن تېپىۋالدى. مەلىكىئاي يۇمشاق يېشىل ئوت ئۈستىدە تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى. قولىدا ياۋا گۈللەردىن تىزغان كىچىككىنە گۈلدەستە تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاق، سېرىق، ھال رەڭلىك ئۈچ تال كېپىنەك قونۇۋالغان بولۇپ، مەلىكىئاينىڭ بوۋىسى بىلەن مومىسىدىن ئۈركۈپ ئۇچۇپ كەتتى ...



# قارىغوجىنىڭ ناخشا ئېيتىشى



بۇرۇنقى زاماندا تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدىكى بىر يۇرتتا ناھايىتى چوڭ بىر باغ بولغانىكەن. باغدا رەڭگارەڭ گۈللەر ئېچىلىپ تۇرىدىكەن. ئۇ قىش بولمايدىغان زامانلار بولغاچقا، باغ تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە ياشىرىپ تۇرىدىكەن. بۇ باغدا جاھاندا بار قۇشلارنىڭ ھەممىسى بار ئىكەن. قۇشلار ناخشا ئېيتىپ، باغنى شادىمانلىققا چۆمدۈرىدىكەن. ئەنە شۇ باغدا بىر قارىغوجا بولۇپ، ئۆزىنى ماھىر ناخشىچى ھېسابلايدىكەن. دېمىسىمۇ ئۇ ناخشا ئېيتىشتا ماھىركەن، ئۇ تورۇپلا سېغىزخاننى دوراپ شاراقلاپ كەتسە، تورۇپلا كاككۇكنى دوراپ ناۋا قىلىدىكەن. يەنە بەزىدە بۇلبۇل، تورغايىنى دوراپ مۇڭلۇق ناخشا ئېيتىدىكەن. بىركۈنى قارىغوجا سېغىزخاننى دوراپ تازا شاراقلاپ ئولتۇرسا، كىچىك سېغىزخان يۈگۈرگىنىچە ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇيان - بۇيان قاراپ:

— ئاپا، ئاپا، سەن نەدە؟ — دەپتۇ.

— ھەي، بۇ يەردە سېنىڭ ئاپاڭ نېمىش قىلىدۇ؟ مەن دېگەن قارىغوجا، كۆزۈڭنى يوغان ئېچىپ گەپ قىل، سېنىڭ ئاشۇ قاملاشمىغان ئاپاڭغا نەرىم ئوخشايدىكەن مېنىڭ!



ئەكىلىگىنىچە يۈگۈرۈپ كەلگەن كىچىك سېغىزخان

قارىغوجىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي مۇنداق دەپتۇ:

— ھازىر تېخى ئاپامنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغانتىمغۇ؟

— ئاپاڭ بۇ يەرگە كەلمىدى، ھا، ھا، ھا ... مەن بايا ئاپاڭنى دوراپ ناخشا ئېيتقانىدىم، شۇڭا مېنى ئاپاڭغا ئوخشىتىپ قاپسەن - دە.

— يالغان سۆزلەۋاتىسىز، سىز ئاپامنى دورىسىڭىزمۇ ئۇنچىۋالا ئوخشىتىپ دورىيالمايدىغانسىز، ئاپامنى چوقۇم يوشۇرۇپ قويغان ئوخشايسىز.

كىچىك سېغىزخان قارىغوجا ئاچام قەستەن مەن بىلەن چاقچاقلىشىپ ئاپامنى مۆكتۈرۈپ قويغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلاپ شۇنداق دەپتۇ.

— ئىشەنمىگەن بولساڭ قۇلاق سال، — قارىغوجا شۇنداق دېگەندىن كېيىن سېغىزخاننى دوراپ ناخشا ئېيتىپتۇ:

مېنىڭ ئىسمىم سېغىزخان،
رەڭگىم قارا ۋە ئاپئاق.
قۇيرۇقۇم بەك چىرايلىق،
ئۆزۈممۇ بەك خۇش چاقچاق.
......

كىچىك سېغىزخان باشتا قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي، ئاپام يېقىن بىر يەردە ناخشا ئېيتىۋاتامدىكىن دەپ ئەتراپقا قاراپتۇ، بىراق ئاپىسى ھېچ يەردە كۆرۈنمەپتۇ. كىچىك سېغىزخان قارىغوجىنىڭ دوراش ماھارىتىگە قايىل بولۇپ، شاراقلىغىنىچە ئۇچۇپ كېتىپتۇ.



— كىچىك سېغىزخان مېنى ئاپام دەپ قالغانغا قارىغاندا سېغىزخاننىڭ ناخشىسىنى بەك ئوخشىتىپ ئېيتىپتىمەن - دە، مەن ھەقىقەتەن قابىلىيەتلىك ئىكەنمەن جۇمۇ، — قارىغوجا مەغرۇرلىنىپ كۈلۈپ كېتىپتۇ.

— توغرا، مەن ماھىر ناخشىچى، سېغىزخان دېگەن نېمىتى ئۇ، مەن خالىسام مۇشۇ باغدىكى داڭلىق ناخشىچى بۇلبۇل، تورغايلارنىڭمۇ ناخشىسىنى ئېيتالايمەن، — مەي بولۇپ پىشقان توغاچتىن بىرنى لەززەتلىنىپ يەۋەتكەن قارىغوجا ئۆز - ئۆزىگە شۇنداق دەپتۇ.

بۇ باغدا قۇشلارنىڭ ناخشا مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلىدىغان بولغاچقا، باغنىڭ ئۇ يەر، بۇ يەرلىرىگە يىغىلغان قۇشلار ئۆزىنىڭ ناخشىلىرىنى مەشىق قىلىپ، مۇسابىقىگە تەييارلىق قىلىۋاتقانىكەن. قارىغوجا باغنى ئارىلاپ يۈرۈپ، يوغان بىر ياڭاق دەرىخىدە قۇشلارنىڭ ناخشا ئېيتىشنى مەشىق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلاردىن سەل نېرىراقتىكى يەنە بىر ياڭاق دەرىخىگە قونۇپ، بۇلبۇلنى دوراپ ناخشا ئېيتىپتۇ. ناخشا ئېيتىشنى مەشىق قىلىۋاتقان قۇشلار بۇلبۇلنى بەك ھۆرمەتلىگەچكە، ئېيتىۋاتقان ناخشىلىرىنى توختىتىپ جىمىپ كېتىپتۇ.

قارىغوجا قۇشلارنىڭ يېنىغا بېرىپ سوراپتۇ:

— سىلەر بايا بىر ئوبدان ناخشا ئېيتىۋاتاتتىڭلار، ئەجەب جىمىپ كەتتىڭلارغۇ؟

— داڭلىق ناخشىچى بۇلبۇل كەلگەندەك قىلغانتى، شۇڭا خىجىل بولۇپ جىمىپ كەتكەندۇق، — دەپتۇ ئاق قۇشقاچ ۋىچىرلاپ.



بۇنى ئاڭلاپ قارىغوجىنىڭ سەل ئاچچىقى كەپتۇ:

— سىلەر بۇلبۇلنى بەك چوڭ كۆرىدىغان ئوخشىمامسىلەر،

مەن بۇلبۇلدىنمۇ ياخشى ناخشا ئېيتىمەن، كاككۇك، تورغايدىنمۇ ئا-
شۇرۇۋېتىمەن. قاراپ تۇرۇڭلار، بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدە مەن بىرىنچى-
لىكنى ئالىمەن...— قارىغوجا ئۆزىنى خېلى ئۇزۇن ماختاپتۇ. بىر چاغدا
ئۇ بايىقى قۇشلارنىڭ ھەممىسى ئۇچۇپ كېتىپ، ئۆزىنىڭ يالغۇز قال-
غانلىقىنى سېزىپتۇ.

كاتتا باغدىكى قۇشلارنىڭ ناخشا مۇسابىقىسى باشلىنىپتۇ. مۇ-
سابىقىگە ئالدىن تىزىملاتقانلار مۇسابىقە باھالاش ھەيئىتىنىڭ رەتكە
تۇرغۇزۇشى بىلەن ئۆز نۆۋەتلىرى بويىچە مۇسابىقىدە ماھارەت كۆرسى-
تىشكە باشلاپتۇ. نۆۋەت قارىغوجىغا كەلگەندە، ئۇ كۆرەڭلىگەن ھالدا
مەيدانغا چۈشۈپ ماھارەت كۆرسىتىپتۇ:

بۇلبۇل مەن باغلاردا سايرايمەن،
گۈل كۆرسەم شادلىنىپ يايرايمەن.
.......

باھالاش ھەيئىتى قارىغوجىغا باشقا ناخشا ئېيتىشنى بۇيرۇپتۇ.
قارىغوجا نېمە بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي يەنە باشقا ناخشىسىنى ئېي-
تىپتۇ:

كاككۇك، كاككۇك،
سايرايمەن ئەجەب مۇڭلۇق.
يا دوستۇم يوق، جۈپتۇم يوق،
.....



باھالاش ھەيئىتى ئۇنى يەنە ناخشا ئېيتىشتىن توختىتىۋاپتۇ. بۇ قارىغوجىغا ھار كەلگەچكە، باھالاش ھەيئەتلىرىگە ۋارقىراپ كېتىپتۇ:

— سىلەر زادى نېمە دېمەكچى؟ نېمە دەپ ماڭا ناخشىنى تولۇق ئېيتقۇزمايسىلەر؟

باھالاش ھەيئىتىگە مەسئۇل بولۇۋاتقان تورغاي ئۇنىڭغا سالماقلىق بىلەن مۇنداق دەپتۇ:

— سىز باشقىلارنىڭ ناخشىسىنى دوراپ ئېيتىۋاتىسىز، ئەڭ ياخشىسى ئۆزىڭىزنىڭ ناخشىسىنى ئېيتىڭ!

قارىغوجا يەنە بىرنەچچە ناخشا ئېيتقان بولسىمۇ، باشقىلارنىڭ ناخشىسىنى دوراپ ئېيتقاچقا ئاخىرىغىچە ئېيتالماپتۇ.

بۇ قېتىمقى مۇسابىقە قارىغوجا ئۈچۈن بىر ئازاب بوپتۇ، باھالاش ھەيئەتلىرى ئۇنىڭ دوراش ماھارىتىنى ھېسابقا ئېلىپ، ئۇنىڭغا رىغبەتلەندۈرۈش مۇكاپاتى بەرگەن بولسىمۇ، ئۇ رازى بولماي غۇدۇراپ كېتىپتۇ. بىراق، ئۇ باشقىلارنى دوراپ ناخشا ئېيتىدىغان ئادىتىنى زادىلا تاشلىماپتۇ.







# مايمۇننىڭ ماكانسىز قېلىشى

بۇرۇنقى زاماندا يىراق تاغدىكى بىر ئورمانلىقتا بىر مايمۇنجان بولۇپ، ئۇ ناھايىتى ئويۇنچى ئىكەن. بىكار بولسىلا دەرەختىن-دەرەخكە سەكرەپ غەمسىز ئويناپ يۈرىدىكەن. بەزىدە موللاق ئاتىدىكەن، بەزىدە ۋارقىراپ، چىرقىراپ باشقىلارنىڭ تىنچلىقىنى بۇزىدىكەن.

بىر كۈنى دەرەخ ئۈستىدە شاخقا قۇيرۇقىنى يۆگەپ قويۇپ، بەخىرامان ئۇخلىغان مايمۇنجان چۈشكە يېقىن ئاران ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. بۇ كۆز پەسلى بولغاچقا شاخلاردا مەي باغلاپ پىشقان ئالما، شاپتۇللار مايمۇن ئۈچۈن تەييار تاماق ئىكەن. ئۇ خالىسا شاپتۇل يەپ، خالىسا ئالما يەيدىكەن ... بۈگۈن ئۇ شاپتۇل بىلەن قورسىقىنى ئوبدان تويغۇزۇۋالغاندىن كېيىن ساياھىتىنى باشلاپتۇ.

مايمۇنجان ئايلىنىپ يۈرۈپ بىر ئۆڭكۈرنىڭ ئالدىدا ھەدەپ توپا كولاۋاتقان ئېيىقنى كۆرۈپتۇ. ئېيىق ئۈستى-بېشى توپا ھالدا ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقانىكەن. بۇنى كۆرۈپ مايمۇنجاننىڭ ئىچى پۇشۇپتۇ.



——ھەي ئېيىق، بۇ يەردە نېمىگە ئاۋارە بولۇپ يۈرۈيسەن؟ بۇنداق ئاۋارە بولغۇچە ئاۋۇ گۈلزارلىقتا بېرىپ ھەسەل ھە-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



رىلىرى تەييارلاپ قويغان ھەسەلنى يەپ لەززەتلەنسەڭ بولمامدۇ؟

— ھە، سېنىڭ ئويۇنۇڭ تېخى تۈگىمەپتۇ - دە، ھەسەلنىمۇ يەيمىز، بىراق تەييارلىقنى قىلىپ قويمىساق بولمايدۇ، بۇ يىل قىشتا سوغۇق بەك بولىدىغان ئوخشايدۇ، شۇڭا ئۆيۈمنى ئوبدان راسلىۋالمىسام بولمايدۇ.

— قىشنىڭ غېمىنى قىشتا يېمەي، ھازىر جاپا تارتقاننىڭ نېمە پايدىسى، ئەمىسە مەن ئوينىغىلى كەتتىم، — مايمۇنجان سەكرەپ موللاق ئاتقىنىچە ئېيىقتىن يىراقلاپ كېتىپتۇ. مايمۇن سەكرەپ كېتىۋېتىپ ئېگىز تېرەكنىڭ ئۈستىگە ئۇۋا ياساۋاتقان قاغىنى كۆرۈپ، ئۇنىمۇ گەپكە سالماقچى بوپتۇ:

— ھەي قاغا، تېرەكنىڭ ئۈستىگە چاۋا - چاتقاللارنى تىزىپ نېمە قىلىۋاتىسەن؟

ئۆزىنىڭ مىڭ بىر جاپادا سالغان ئۆيىنى مايمۇننىڭ مازاق قىلىۋاتقىنىنى ئاڭلاپ، قاغا خاپا بولۇپ قاقىلداپتۇ:

— سەن مېنىڭ ئۆيۈمنى كۆزگە ئىلمايۋاتامسەن، بۇ ئۆيۈم بولمىسا باللىرىمنى قىشتىن قانداق چىقىرىمەن؟

— قىش كېلىدىغانغا تېخى بارغۇ، ھازىر قانغۇدەك ئوينىۋالماي قىشنىڭ جاپاسىنى تارتقىنىڭ نېمىسى؟ — مايمۇنجان شۇنداق دېگىنىچە قاغىدىن يىراقلاپ كېتىپتۇ.

مايمۇنجان يۈگۈرۈپ، سەكرەپ يۈرۈپ بىر بۆغىنىڭ يېنىغا كېلىپ قاپتۇ. بۆغىمۇ ئۆزىگە ئۆي سېلىۋاتقانىكەن.

— ھەي بۆغىجان، نېمىگە جاپا تارتىپ يۈرۈيسەن؟ ھازىر ئوتلاقلاردا ئوت - چۆپ كۆپ بولغاندىكىن، قورسىقىڭنى تويغۇزۇپ راسا ئوينىۋالساڭ بولمامدۇ؟ — مايمۇنجان موللاق



ئېتىپ ئويناشلىرىنى توختاتماي بۇغىغا شۇنداق دەپتۇ.

— ئەتىگەندە، كەچتە سوغۇق بولۇۋاتقانلىقىنى بىلمەيۋاتامسەن؟ ئۆزىمىزگە ئوبدانراق جاي راسلىۋالمىساق قىشتا قىينىلىپ قالىمىز. سەنمۇ ئۆيلىرىڭنى راسلاپ بولغانسەن؟ — بۇغا سالماقلىق بىلەن شۇنداق دەپتۇ.

— ھەي ... سىلەر راستتىنلا ئەخمەق ئىكەنسىلەر، كەلمىگەن قىشقا ھازىر غەم يەپ نېمە كەپتىكەن. ۋۆي، قورسىقىم ئېچىپ قاپتۇ، بېرىپ شاپتۇلدىن تويغۇدەك بىر يېمىسەم، — مايمۇنجان بۇغىنىڭ گېپىگە قۇلاقمۇ سالماي كېتىپ قاپتۇ.

كۆپ ئۆتمەي قىش كەپتۇ. شۇۋىرغان ھۇۋلاپ، قار لەپىلدەپ يې-غىشقا باشلاپتۇ، نەشتەردەك سوغۇق جاندىن ئۆتىدىكەن. ئېيىق ئىس-سىق ئۆيگە كىرىپ قىشلىق ئۇيقۇسىغا كېتىپتۇ، قاغا ئىسسىق ئۇ-ۋىسىدا بالىلىرى بىلەن خۇرام - خۇشال ئۆتۈپتۇ، بۇغا ۋە باشقا جان-ۋارلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىپ كېتىپتۇ. بىراق، يازنى ئويۇن، تاماشا بىلەن ئۆتكۈزۈۋەتكەن مايمۇنجان كىرىدىغان تۆشۈك تاپالماي ھەسرەت بىلەن ياش تۆكۈپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com





# كەنجى قارلىغاچ

باھار كەلدى، كۆلدى دالا،
ياشاردى سۆمبۈل.
شوخ قارلىغاچلار قايتىپ كېلىپ،
ئۆيىندى ئۈسسۈل.
بارچە جانىۋار شاد ـ يايرىدى،
سايرىدى بۇلبۇل.
ئانا قارلىغاچ تويماي بېقىپ،
باغ ـ گۈلىستانغا.
ئۆي ـ ئۆي ئارىلاپ سالدى ئۇۋا،
ئوبدان ئايۋانغا.
تۇخۇم چىقىرىپ بېسىپ ياتتى،
كېچە ۋە كۈندۈز.
ۋاقتى يوقتى ئەمدى ئۇنىڭ،
قىلىشقىمۇ سۆز.
كۈنلەر ئۆتۈپ ئۈچ بالىسى،
چىقتى ساقمۇساق.
بۇنى كۆرۈپ ئانا قارلىغاچ،
شادلاندى شۇنداق.



جان باغرىم دەپ بالىلىرىنى،
باغرىغا باستى.
مېھرى ئۇنىڭ دەريا بولۇپ،
دولقۇنلاپ تاشتى.
شۇندىن كېيىن بالىلىرىغا،
كۈندە توشۇپ دان.
كېچە - كۈندۈز ئەجىر قىلدى،
بولۇپ مېھرىبان.
نەپسى بەكمۇ يامان ئىدى،
كەنجى قارلىغاچنىڭ.
ھەممىسىلا مېنىڭ دەيتتى،
دان بىلەن ئاشنىڭ.
ئاكىلىرى يول بەرسىمۇ،
قىلماي قانائەت.
ئانىسىغا بويۇن سوزۇپ،
چىرقىرايتتى سەت.
ئانا قارلىغاچ دان ئەكىلىپ،
بەرگىچە بۆلۈپ.
كەنجى قارلىغاچ چاڭ سالاتتى،
سەكرەيتتى كۆپۈپ.
شۇ ھويلىدا بارتى ھۇرۇن،
بىر سېرىق ئاسلان.
تەييار تاماق بارمىكىن دەپ،
تۇتماستىن چاشقان.



قارلىغاچلارنى كۆرگەندە ئۇ،
نەپسى تاقىلداپ.
چۈشۈرمەكچى بولدى تېخى،
ئايۋاندىن ئالداپ.
دېدى ئاسلان قۇۋلۇق قىلىپ،
كەنجى قارلىغاچقا.
«چۈشكىن يەرگە تويغۇزىمەن،
سېنى دان، ئاشقا.
ئىككى ئاكاڭ دائىم سەندىن،
يەيدىكەنغۇ كۆپ.
سېنى كۆزگە ئىلمايدىكەن،
بەك كىچىك كۆرۈپ.
كەل يېنىمغا قانىتىڭنى،
يېتىلىپ قاپتۇ.
بوي - بەستىڭمۇ ئۇۋاڭغا بەك،
تىقىلىپ قاپتۇ.»
كەنجى قارلىغاچ شۇ چاغ يەرگە،
چۈشمەكچى بوپتۇ.
يەر يۈزىدە ئەركىن يايراپ،
كۈلمەكچى بوپتۇ.
ئاكىلىرى دەپتۇ: «ئۇكام،
بولمىغىن كەپسىز.
ئانام دېگەن مۈشۈك بىزگە،
دوست ئەمەس ھەرگىز.»



« ياق، ياق » دەپتۇ كەنجى قارلىغاچ،
ئاڭلىماي گەپنى.
ئاسلانجاندىن ئالماق بوپتۇ،
ئۇ كاتتا نەپنى.
ئۇۋىسىدىن چۈشۈپتۇ ئۇ،
ئاسلان دوستۇم دەپ.
ئاسلانجانمۇ قارشى ئاپتۇ،
ئۇنى پەپىلەپ.
ئوينىتىپتۇ دۈمبىسىگە،
مىندۈرۈپ ئۇنى.
گاھ غىدىقلاپ، دومىلىتىپ،
كۈلدۈرۈپ ئۇنى.
راست دېگەندەك يېگۈزۈپتۇ،
تويغۇچە ئاش، نان.
ئاسلانجاننىڭ مۇددىئاسى،
بولغاچ ئالماق جان.
تۇيۇقسىزلا قارلىغاچقا،
ساپتۇ ئۇ چاڭگال.
ئانا قارلىغاچ شۇ چاغ يېتىپ،
كەپ قاپتۇ دەرھال.
ئاسلانجاننىڭ كۆزىنى ئۇ،
ئاپتۇ چوقۇلاپ.
قورقۇپ كەتكەن ئاسلانجانمۇ.
ئىڭراپ، مىياڭلاپ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



قاياقىدۇ غايىب بوپتۇ،

دوستىنى تاشلاپ.

كەنجى قارلىغاچ مۇشۇ ئىشتىن،

ئېلىپ چوڭ ساۋاق.

ئانىسىنىڭ گېپىدىن ئۇ،

چىقماپتۇ ھەر ۋاق.

ئاكىلىرى قارلىغاچنى

ئاسراپ، ماختاپتۇ،

ئەمدى ئۇمۇ كۆك ئاسماندا

ئۇچۇپ يايراپتۇ.





# ھەسەن بىلەن ھۈسەن



بۈندىن ناھايىتى ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى تارىم دەرياسى ۋادىسىدىكى بىر توغراقلىق مەھەللىدە ھەسەن بىلەن ھۈسەن ئىسىملىك قوشماق بالا بولغانىكەن. ئۇلار ناھايىتى چىرايلىق ۋە ئەقىللىق بولۇپ، ئۇلارنىڭ خۇي - پەيلىگە دىققەت قىلمىغان ئادەم ئۇلارنى پەرقلەندۈرەلمەيدىكەن. بىراق، ئۇلارنىڭ خۇي - پەيلى بىر - بىرىدىن ئاسمان - زېمىن پەرق قىلىدىكەن. ھەسەن ئەدەپلىك، مۇلايىم، باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان بالا ئىكەن. ھۈسەن ئەدەپسىز، ئەركە - نايناق، ئىچى تار، ئورۇنسىز ئىشلار ئۈچۈن باشقىلارنىڭ چىشىغا تېگىدىغان بالا ئىكەن. شۇڭا ئۇلار بىر - بىرى بىلەن ئانچە چىقىشالمايدىكەن. ھەسەن ئىنىسىگە بەكمۇ كۆيۈنىدىكەن، ھەممە ئىشتا ئۇنىڭغا يول قويىدىكەن. بىراق، ھۈسەن ئاكىسىنى قىلچە ھۆرمەتلىمەيدىكەن،



ھەتتا بوزەك قىلىدىكەن.

بىر كۈنى ھەسەن ھۈسەننىڭ بارغانسېرى ھەددىدىن ئېشىپ، ئۆزگە بەك قوپال مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئاتا-ئانىسى يوق چاغدا ئايرىم نەسىھەت قىلماقچى بوپتۇ.

—ئۇكام، ئىككىمىز بىر قورساقتا بىللە يېتىپ، بىللە تۇغۇلغان ئاكا-ئۇكا قوشماقلار تۇرۇپ نېمىشقا چىقىشالمايمىز؟ قارىغىنا، ئىككىمىز ئەينەككە قارىمايمۇ بىر-بىرىمىزدىن ئۆزىمىزنى كۆرەلەيمىز، شۇنداق بولغاندىكىن ئىناق-ئىتتىپاق ئۆتسەك...

ھەسەننىڭ گېپى تۈگىمەيلا ھۈسەن ئۇنى سىلكىشلەپ چالۋاقاپتۇ.

—ۋاي-ۋۇي، ئۆزەڭچە مېنى ئۇكام، ئۇكاملا دەيدىكەنسەن، مەندىن نەچچە مىنۇت بۇرۇن تۇغۇلۇپ قالغىنىڭغا ماڭا ئاكا بولۇپ قالدىڭمۇ؟ بۇندىن كېيىن ئىسمىمنى چاقىر، مېنى ھەرگىز ئۇكام دېگۈچى بولما! —ھۈسەن ھەسەننى سەت سىلكىشلەپ، ئۇنىڭ گېپىگىمۇ قۇلاق سالماي يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتىپتۇ.

ھۈسەن ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ مەھەللىدىكى بالىلار بىلەن بىردەم ئوينىغاندىن كېيىن، ئاتا-ئانىسىنىڭ يوق ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ قانغۇدەك بىر ئوينىۋېلىش ئۈچۈن توغراقلىققا كىرىپ كېتىپتۇ.

ھۈسەن توغراقلىقتا يۈگۈرۈپ ئويناپ يۈرگەندە بىر ئوغلاقنىڭ ئەنسىز مەرەپ:

—ئاپا، ئاپا! —دەپ زارلىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قاپتۇ.



بۇنىڭدىن ئۆزگە بىر ئويۇن تاپماقچى بولغان ھۈسەن توغراقلىق ئارىسىغا يوشۇرۇنۇپ، ئۆچكىنى دوراپ مەرەپتۇ. ھۈسەن ھايۋانلارنىڭ ئاۋازىنى دوراشقا بەك ئۇستا ئىكەن.

—مە، مە ... بالام مەن ماۋۇ يەردە...

ئوغلاق ھۆسەننىڭ ئاۋازىنى ئاپامنىڭ ئاۋازى دەپ ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. توغراقلار ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋالغان ھۆسەن ئوغلاقنى تۇتۇۋاپتۇ. ھۆسەندىن قورقۇپ كەتكەن ئوغلاق ئاچچىق مەرۋەيتىپتۇ.

—مە، مە، ۋايجان! ئاپام قېنى؟

ھۆسەن ئوغلاقنىڭ بوينىدىن چىڭ تۇتۇۋېلىپ، قاقاقلاپ كۈلۈپ مۇنداق دەپتۇ:

—بالام، مانا مەن سېنىڭ ئاپاڭ، نېمە گېپىڭ بار ئىدى، ئۆيدە جىم ئولتۇرماي بۇ يەرگە نېمىدەپ كەلگەنتىڭ بالام...

—سەن مېنىڭ ئاپام ئەمەس! سەن مېنىڭ ئاپام ئەمەس!! — ئوغلاق ھۆسەننىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ تىپىرلاپ باققان بولسىمۇ، ھۆسەن ئۇنى بەك چىڭ تۇتۇۋالغاچقا قاچالماپتۇ.

—ھە، ئوغلاقجان دېگەن سەن ئوخشىمامسەن، كىچىككىنە تۇرۇپ ساقىلىڭ باركىنا سېنىڭ،—ھۆسەن ئوغلاقنىڭ ساقاللىرىنى يۇلۇپ ۋارقىرىتىۋېتىپتۇ. ئاپىسىنى تاپالمىغانىنىڭ ئۈستىگە بۇ پالاكەتكە يولۇققان ئوغلاق ئېچىنىشلىق مەرەپ كېتىپتۇ. ھۆسەن تېخى ئۇنىڭغا مىنىۋاپتۇ، ھۆسەننى كۆتۈرەلمىگەن ئوغلاق يېتىپ قاپتۇ. بۇنىڭدىن ئاچچىقى كەلگەن ھۆسەن تاياق بىلەن ئوغلاقنى تازا ساۋاپتۇ.



—سەن بەك ھورۇن ئوخشىمامسەن، بولمىسا نېمىشقا مېنى كۆتۈرەلمەيسەن، ئەگەر يەنە مۇشۇنداق قىلىدىغان بولساڭ مەن سېنى بۆرىگە تاشلاپ بېرىمەن، — ھۆسەن ئوغلاقنى قورقۇتۇپ يەنە ئۇنىڭغا مىنىۋاپتۇ. بۆرىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قورقۇپ قالغان ئوغلاق ھەرقانچە كۈچەپمۇ ئورنىدىن

www.uyghurkitap.com



تۇرالماپتۇ. ھۈسەن ئوغلاقنى يەنە تاياق بىلەن ئۇرۇپتۇ. ئەمدى ئوغلاق بىر ئامال قىلىپ ھۈسەننىڭ قولىدىن قۇتۇلماقچى بوپتۇ. شۇڭا ئۇ ھۈسەن تاياق بىلەن شۇنداق كۈچەپ ئۇرىۋاتقان بولسىمۇ، چىداپ ئۈن چىقارماي پۇتىنى سوزۇپ ئۆلگەندەك يېتىۋاپتۇ. ئوغلاقنى ئۇرۇپ ھارغان ھۈسەن ئوغلاقنىڭ سوزۇلۇپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆلۈپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، ئوغلاقنى بىرنەچچە قېتىم توۋلاپ بېقىپ يولىغا مېڭىپتۇ. ھۈسەن يىراقلاپ كەتكەندىن كېيىن ئوغلاق ئورنىدىن تۇرۇپ قېچىپ كېتىپتۇ.

ھۈسەن رەگەتكىسىنى قولىغا ئېلىپ قۇشلارنى ئاتقاچ ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ. ھۈسەننىڭ بۇ توغراقلىقتا ئەنە ئاشۇنداق قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغانىكەن.

ھەسەن ئۆيدە ئۆزى يالغۇز ئولتۇرۇپ زېرىكىپتۇ. ئۇكىسى ھۈسەن كىرمىگەچكە، ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ قاپتۇ. شۇڭا ئۇ ئاتا – ئانىسى كەلگۈچە ھۈسەننى تېپىپ كېلىش ئۈچۈن تالاغا چىقىپتۇ. ئۇ ھۈسەننى مەھەللىدىن تاپالماپتۇ. ھەسەن بالىلاردىن ھۈسەننىڭ توغراقلىققا كىرىپ كەتكىنىنى ئاڭلاپ، ئۇنى ئىزدەپ توغراقلىققا كىرىپتۇ.

ھەسەن توغراقلىقتىن ھۈسەننى خېلى ئۇزۇنغىچە ئىزدەپمۇ تاپالماپتۇ. ھەسەن توغراقلىققا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ «ھۈسەن!» دەپ توۋلىغان بولسىمۇ ھۈسەن جاۋاب قايتۇرماپتۇ. ئۇكام بۇ چاغقا ئۆيگە بېرىپ بولغان بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلىغان ھەسەن ئۆيگە قايتىپتۇ.

ھەسەن توغراقلىقتىن چىقىپ كېتىۋاتقاندا، بىر ئۆچكىنىڭ ئازاب بىلەن نالە قىلىۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قاپتۇ. ئۇ ئۆچكىنىڭ ئاۋازى چىققان تەرەپكە بېرىپ، بىر ئۆچكىنىڭ



ئىنجىقلاپ ئۇخىدا ياتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئەسلىدە ئۇ ئۆچكە ئۇۋچىنىڭ تۆمۈر قاپقىنىغا چۈشۈپ قالغانىكەن.

—ھەي ئۆچكىجان، نېمە بولدۇڭ؟

—ئاۋايلىماي مېڭىپ ئوۋچىلارنىڭ قاپقىنىغا چۈشۈپ قاپتىمەن، بالام كىچىك ئىدى. مەن سەندىن ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا خوش بولاي، مېنى قۇتقۇزۇۋالغان بولساڭ، — ئۆچكە ئاغرىققا چىدىماي ئاچچىق مەرىۋې-تىپتۇ. ھەسەن ئۆچكىنى قۇتقۇزۇۋالماقچى بولغان بولسىمۇ، يوغان تۆمۈر قاپقانغا كۈچى يەتمەي خېلى ئۇزۇنغىچە ئاۋارە بوپتۇ. ئۇ بەك كۈچەپ كەتكەچكە چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈپتۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇ-نىڭ ئۆچكىنى تاشلاپ قويۇپ كەتكۈسى كەلمەپتۇ. ھەسەننىڭ ئۆزى ئۈچۈن بەك ئاۋارە بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئۆچكە «بولدى، سەن كې-تىۋەرگىن، ئاتا - ئاناڭ ئىزدەپ قالمىسۇن» دېگەن بولسىمۇ ھەسەن كەتمەپتۇ. ئۇ ئاخىرى ئەقىل ۋە كۈچ ئىشلىتىپ قاپقاننى بوشىتىپ، ئۆچكىنىڭ پۇتىنى قاپقاندىن چىقىرىۋاپتۇ. ئۆچكىنىڭ بىر پۇتى سۇنغان بولغاچقا ئورنىدىن تۇرالماپتۇ، بۇنى كۆرگەن ھەسەن كۆيىنە-كىنى يىرتىپ، ئۆچكىنىڭ پۇتىنى پەم بىلەن تېڭىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆچكىنىڭ جېنى ئارام تېپىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ ئاقساقلاپ مېڭىپتۇ. ئۆچكە ھەسەنگە نېمە دەپ رەھمەت ئېيتىشنى بىلەلمەي تۇرغاندا، ئۇنىڭ ئوغلىقى مەرىگىنىچە يۈگۈرۈپ كەپتۇ:

—ئاپا، ئاپا، نېمە بولدۇڭ؟ مەن سېنى ئىزدەپ تاپال-ماي، ... — شۇ چاغدا ئۇ ھەسەننى كۆرۈپ قورقۇپ مەرىۋې-تىپتۇ.



—نېمە بولدۇڭ بالام؟ ماۋۇ بالىغا رەھمەت ئېيتقىن، ئۇ مېنى قۇتقۇزۇۋالمىغان بولسا ... — ئۆچكە كۆز يېشى

www.uyghurkitap.com



قىپتۇ.

— ئۇ مېنى بوزەك قىلغان، ساقاللىرىمنى يۇلۇپ، تاياق بىلەن ئۇرغان. ئۇ قانداق بولۇپ ساڭا ياخشىلىق قىلىپ قالغاندۇ؟ — ئوغلاقنىڭ گېپىگە ھەسەنمۇ، ئۆچكىمۇ ئىشەنمەپتۇ.

— نېمە دەيدىغانسەن بالام، ئۇ شۇنداق ياخشى بالا تۇرۇپ سېنى قانداقسىگە بوزەك قىلىدۇ؟ سەن خاتا كۆرۈپ قالغان ئوخشايسەن، ئوبدانراق قارا...

— راست، خاتا كۆرۈپ قالغان ئوخشايسىز، مەن سىزنى كۆرۈپمۇ باقمىغان تۇرسام... — ھەسەن ھەيرانلىقتىن شۇنداق دەپتۇ.

— ياق، مەن خاتا كۆرمىدىم، دەل ئۆزى شۇ...

شۇ چاغدا بۇ يەرگە ھەممە ھايۋانلار ۋە قۇشلار يىغىلىپتۇ-دە، تالاش-تارتىش قىلىشىپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ يېرىمى ھەسەننى بۇ بىزگە ئەسكىلىك قىلغان دېسە، يېرىمى بۇ بىزگە ياخشىلىق قىلغان دەيدىكەن.

ھەسەن ئۆزىنىڭ بۇ ھايۋانلارغا ياخشىلىق قىلغانلىقىنىلا بىلىدىكەن، يامانلىق قىلغانلىقىنى ئەسلىيەلمەپتۇ. ھايۋانلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تالاش-تارتىش تازا ئەۋجىگە چىققاندا، ھۇسەن تۇيۇقسىز پەيدا بوپتۇ. ئۇ بايا بۇ يەردە يۈز بەرگەن ئىشلارنى يوشۇرۇن كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ قىلغانلىرىدىن خىجىل بولۇپ، ئاكىسىنىڭ ياخشى ئىشىدىن تەسىرلىنىپتۇ. ئۇ ئۆزى قىلغان ئەسكى ئىشلار ئۈچۈن ئاكىسىنىڭ ئەيىبلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، چىداپ تۇرالماي ئۆز گۇناھىنى بويىنىغا ئاپتۇ.



ھايۋانلار كۆزلىرىگە ئىشەنمىگەندەك بىردەم ھەسەنگە، بىردەم ھۇسەنگە قاراپتۇ. ئوغلاقنىڭمۇ كۆزلىرى چىمىلداپ

كېتىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ھۆسەن ئاكىسى ھەسەن بىلەن ئىناق ئۆتىدىغان، ناچار قىلىقلىرىنى تاشلاپ، ياخشى ئىشلارنى قىلىدىغان بوپتۇ. توغراقلىقتىكى ھايۋانلارمۇ ھەسەن بىلەن ھۆسەننى «ئاق كۆڭۈل ئاكا - ئۇكىلار» دەپ ماختايدىغان بوپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





# ئېيىق بىلەن ھەسەل ھەرىلىرى

بۇرۇنقى زاماندا تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدىكى بىر گۈزەل ئوتلاقتا بىر توپ ھەسەل ھەرىلىرى بىلەن بىر قارا ئېيىق بىللە ياشىغانىكەن.

ئوتلاقتا رەڭگارەڭ گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلغان بولۇپ، شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان سۈزۈك سۇلار گۈللەرگە گۈزەللىك ۋە ھاياتلىق بېغىشلايدىكەن.

ئىشچان ھەسەل ھەرىلىرى ئەتىگەندىن كەچكىچە جاپالىق ئەجىر قىلىپ، سانسىزلىغان گۈللەرگە قونۇپ، شىرنە يىغىپ ھەسەل ئىشلەيدىكەن. ھورۇن قارا ئېيىق بىكار بولسىلا خورۇلداپ ئۇخلاپ، ئېغىناپ ياتىدىكەن. ئۇيقۇسىغا قانغاندىن كېيىن ئېرىنچەكلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرسىمۇ مېڭىش خۇش ياقمايدىكەن. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئىنجىقلاپ مېڭىپ ھەسەل ھە-



رىلىرىنىڭ يېنىغا بارىدىكەن. ھەسەل ھەرىلىرى مېھماندوست بول-
غاچقا، ئېيىقنى ئەدەپ بىلەن كۈتۈۋېلىپ، ئۇنى ھەسەل بىلەن مېھمان
قىلىدىكەن. ئېيىقنىڭ ھەسەلدىن يەنە يېگۈسى بولسىمۇ دېيىشتىن
خىجىل بولۇپ، ئامالسىز ئۆيىگە قايتىدىكەن. ئېيىق ھەركۈنى دېگۈدەك
ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ يېنىغا بارىدىكەن، ھەسەل ھەرىلىرىمۇ ئۇنى زې-
رىكمەي كۈتىدىكەن. ئېيىق ھەرقېتىم مېھمان بولۇپ كەلگەندە، ھە-
سەلگە ئېغىز تەگسىمۇ تويغۇدەك يېيەلمەي، بىر كۆزى ئارقىسىدا
كېتىدىكەن.

بىر كۈنى ئېيىق ئاپتاپسىنىپ يېتىپ ئويلىنىپ قاپتۇ: «ھەسەل
نېمىدېگەن تاتلىق – ھە! ھەي، مەن ئاشۇنداق ھەسەلدىن قانچىلىك
بولسا شۇنچىلىكنى يەۋېتەلەيتتىم. مۇشۇ ئۆستەڭ، ئېرىقلاردا سۇ
ئاققۇچە ھەسەل ئاقسا بولمامدىغاندۇ؟ ئاسماندىن قار، يامغۇر ياغقۇچە
ھەسەل ياغسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى – ھە! ئەگەر ئاۋۇ يىراقتا كۆ-
رۈنۈپ تۇرغان تاغ ھەسەل تاغ بولۇپ، مەن ئۇنى بىكار يېتىپ يېگەن
بولسام، ئارمانلىرىمغا يەتكەن بولاتتىم». ئېيىق ئەنە شۇ خىياللارنى
قىلىۋاتقان بولغاچقا، ئاغزىدىن ئاپئاق كۆپۈكلەر ئېقىپتۇ. ئۇ ئېغىناپ
ئۆرۈلگەندىن كېيىن خىيالىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ: «بۇ ھەسەل ھەرىلىرى
دېگەن شۇمتەكلەر ھەسەلدىن يا ماڭا تويغۇدەك بەرمىگەن. ئازراق بې-
رىپ قويۇپلا يولغا سالغان. مەن ئۇلارنىڭ ھەسىلىنى بۇلاپ – تالاپ
يەۋەرسەم بەك ئەدەپسىزلىك بولغۇدەك، بۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر باھانە
كۆرسىتىشىم كېرەك». ئېيىق كۆڭلىگە قانداقتۇر بىر پە-
لاننى پۈكۈپ، ئاغزىنى شالاپشىتىپ يەنە ئاق كۆپۈك چىقى-
رىپتۇ.



ئېيىق ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ھەسەل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ھەرىلىرى ئۇنى يەنە قىزغىن كۈتۈۋاپتۇ. ئۇنىڭ ئالدىغا ھەسەل قويۇپ مېھمان قىلماقچى بوپتۇ. بىراق، ئېيىق ئۇلارنىڭ ئەدەپ بىلەن كۈتۈۋېلىشىغا پەرۋا قىلماي، غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ كېتىپتۇ:

— مەن سىلەرنى بۇرۇن ئاق كۆڭۈل، ئەدەپلىك دەپ ئويلاپ، دوستۇم دەپ يۈرۈپتىكەنمەن، بىراق سىلەر خەقنىڭ رىسقىغا قول سالىدىغان ئىنساپسىز ئىكەنسىلەر ئەمەسمۇ! ئۆزۈڭلاردىن ئاجىزلارنى بوزەك قىلىشقا ئەجەب ئۇستىكەنسىلەر - ھە! — ئېيىقنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلىغان ھەسەل ھەرىلىرى ئېيىقنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشەنەلمەي ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— گېپىڭىزنى چۈشىنەلمىدۇق، بىز كىمنىڭ رىسقىغا قول ساپتۇق؟

— تولا مۇغەمبەرلىك قىلماڭلار، ھەسەلنى نەدىن ئەكىلىۋاتقىنىڭلارنى، ئۇ ئەسلى كىمنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلمەمسىلەر؟! — ئېيىق يالغان سۆزلەۋاتقان بولغاچقا بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇۋېلىپ مۇنداق دەپتۇ:

— تۈنۈگۈن مۇشۇ ئوتلاقتىكى گۈل شاھ يېنىمغا ئەرز قىلىپ بېرىپتۇ. سىلەر ئۇلارنىڭ شىرنىلىرىنى شوراپ ئېلىۋېلىپ، ئۇنى ئۆزەڭلارچە ھەسەل دەپ يۈرۈپسىلەرغۇ. ئۇلارنىڭ گېپى راستمۇ، يالغانمۇ؟

ھەسەل ھەرىلىرى نېمە دېيىشنى بىلەلمەي غوڭۇلدۇشۇپ كېتىپتۇ.



— ھە، قىلمىدىغان گېپىڭلارنى تاپالمايۋاتىسىلەر، گۈل شاھنىڭ دېگەنلىرى راستكەن - دە، مەن سىلەرگە بۈگۈن ئوشۇق - تۈشۈك گەپ قىلمايمەن، ھازىرچە يېنىڭلاردا بار

ھەسەلنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار، —ئېيىق گەپتىن كېيىن ئاغزىدىن كۆپۈك ئاقتۇرۇپ، كۆكۈش كۆزلىرىنى پارقىرىتىپتۇ. ھەسەل ھەرىلىرى ئامالسىز لىقمۇلىق بىر ساندۇق ھەسەلنى ئۇنىڭغا بېرىپتۇ. ئېيىق «بۇنىڭدىن كېيىن دىققەت قىلارسىلەر!» دەپ قويۇپ ساندۇقنى كۆتۈرۈپ ئىغاڭلىغىنىچە ئىتتىك - ئىتتىك مېڭىپ كېتىپتۇ. نەپسى تاقىلداپ كەتكەن ئېيىق دالدىراق بىر يەرگە ئۆتۈپ، ساندۇقتىكى ھەسەلنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن تويغۇچە يەپتۇ. ئارىلىقتىن ھەپتە ئۆتمەي ئۇنىڭ يەنە ھەسەل يېگۈسى كەپتۇ، شۇڭا ئۇ ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ يېنىغا يەنە بېرىپتۇ. ھەسەل ھەرىلىرى ئۇنى ئەدەپ بىلەن كۈتۈۋالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئالدىغا ھەسەل قويماپتۇ. ئېيىقنىڭ نەپسى تاقىلداپ، قاچان ھەسەل ئەكىلەركىن دەپ خېلى ئۇزۇن كۈتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئالدىغا ھەسەل كەلتۈرۈلمەپتۇ. شۇڭا ئۇ يەنە ئالدىنقى قېتىمقى ئوسۇلنى قوللانماقچى بوپتۇ.

—سىلەر يەنە بۇرۇنقى قىلىقىڭلارنى قىلغىلى تۇرۇپسىلەرغۇ. ئاخشام گۈل شاھ يەنە يېنىمغا ئەرزگە كەپتۇ، مەن سىلەرنىڭ يۈزۈڭلارنى قىلىپ شۇنچە چۈشەندۈرسەممۇ پەقەت گېپىمنى ئاڭلىمىدى، ئۇلار سىز ھەسەل ھەرىلىرىدىن ئۆچىمىزنى ئېلىپ بېرىڭ دەيدۇ. مەن سىلەر بىلەن يېقىن بولغاچقا، ئۇنىڭغا چىرايلىق نەسىھەت قىلىپ يولغا سېلىپ قويدۇم. ئۇلارنىڭ مەيلىگە قويۇپ بەرسەم سىلەرنى ئوغرى، قاراقچى دەپ گەپ تارقىتىپ، يۈزۈڭلارنى تۆكۈپ، بېشىڭلارنى كۆتۈرەلمەيدىغان قىلىۋېتىدىغان ئوخشايدۇ. شۇڭا ھازىر ھەممە ھەسىلىڭلارنى ماڭا بېرىڭلار، قالغان ئىشلارنى ئۆزۈم توغرىلايمەن.



ئېيىقنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان ھەسەل ھەرىلىرى يەنە

www.uyghurkitap.com



ئامالسىز بىر ساندۇق ھەسەلنى ئۇنىڭغا بېرىپتۇ. ئېيىق ھەسەلنى ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن، يەنە ھەپتە ئون كۈنگىچە بەخىرامان ئۇخ- لاپ، خالىغانچە ئىغاڭلاپ مېڭىپ يۈرۈپتۇ.

ھەسەل ھەرىلىرى ئاخىرى ئامالسىز گۈل شاھقا ئەھۋالنى ئېي- تىپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ گۈل شاھ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ مۇنداق دەپتۇ:

—بىز شىرنىلىرىمىزنى سىلەرگە ئۆز رازىلىقىمىز بىلەن بەر- گەن تۇرساق، يەنە نېمە دەپ ئېيىققا ئەرز قىلغۇدەكمىز. سىلەرمۇ بەك ئەخمەق ئىكەنسىلەر، ئۇنىڭ مەقسىتى ھەسىلىڭلارنى ئېلىۋېلىپ ئۆ- زىنىڭ قورسىقىنى توقلاش، ئۇ ئەزەلدىن سىلەرنىڭ ھەسىلىڭلارنى بۇلاپ - تالاپ يەپ كەلگەنغۇ، بۇ قېتىم ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپتۇ. ئۇ يەنە كەلسە سىلەر ئىتتىپاقلىشىپ، ئۇنىڭ ئەدىپىنى تازا بېرىڭلار.

گۈل شاھنىڭ گېپىنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى بىلگەن ھەسەل ھەرىلىرى ھەسەللىرىنى يوشۇرۇپ، ئېيىققا ئوبدان زەربە بېرىش ئۇ- چۈن تەييارلىق قىلىپ قويۇپتۇ.

راست دېگەندەك ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ئېيىق يەنە يېتىپ كەپتۇ. ھەسەل ھەرىلىرى چاندۇرماي ئېيىقنى قىزغىن كۈتۈۋاپتۇ، بىراق ئۇنىڭ ئالدىغا ھەسەل قويماپتۇ. ئېيىق يەنە بۇرۇنقى ئادىتى بو- يىچە:

—ھەي، سىلەر نېمانچە گەپ ئاڭلىمايدىغانسىلەر، يەنە گۈللەرنىڭ شىرنىلىرىنى ئوغرىلاپسىلەرغۇ، ئاخشام گۈل شاھ يەنە ئەرز قىلىپ كەلدى، مەن ئەمدى ئۇنىڭغا نېمە دې- يەرىمنى بىلەلمەي قالدىم، سىلەر ھەسىلىڭلارنى ......ئې- يىقنىڭ گېپى تۈگە - تۈگىمەيلا غەزەپكە كەلگەن ھەسەل



ھەرىلىرى توپلىشىپ ھۇجۇمغا ئۆتۈپتۇ. بەدىنىگە تەرەپ – تەرەپتىن سانجىلىۋاتقان نەشتەرلەر تەييارلىقسىز ئولتۇرغان ئېيىقنى چىرقىرىتىۋېتىپتۇ. ئۇ قانداق قىلارىنى بىلەلمەي ۋارقىرىغىنىچە بەدەر تىكىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئىغاڭلاپ قاچقان چاغدىكى تۇرقى ھەقىقەتەن كۈلكىلىك ئىكەن.

ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن ئېيىق ھەسەل ھەرىسىنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ كېلەلمەيدىغان بوپتۇ. بەك ھەسەل يېگۈسى كېلىپ كەتكەن چاغلاردا، ھەسەل ئوغرىلايدىغان ئادىتىنى پەقەت ئۆزگەرتەلمەپتۇ.





# ھاكاۋۇر ئەتىرگۈل

ئاقباش تاغ باغرىدا سۈزۈك تاغ سۇلىرى شىلدىرلاپ ئېقىپ، قۇشلار ناۋا قىلىپ تۇرىدىغان، كېپىنەكلەر لىپىلداپ ئۇچۇپ، ھەسەل ھەرىلىرى شىرنە يىغىپ يۈرىدىغان گۈزەل بىر گۈلىستان بار ئىكەن. بۇ يەردە پورەكلەپ ئېچىلغان رەڭگارەڭ گۈللەر بىر - بىرىدىن ھۆسن تالاشقاندەك ئۆزگىچە لاتاپىتىنى نامايان قىلىدىكەن. گۈل - چېچەك-لەردىن تارالغان خۇشبۇي پۇراق يىراق - يىراقلارغا تاراپ كېتىدىكەن.

بۇ يەردىكى ھەربىر گۈلنىڭ ئۆزگىچە رەڭگى ۋە پۇرىقى بار ئىكەن. ئەنە ئاشۇ سانسىزلىغان گۈللەر تەڭ پورەكلەپ، تەڭ خۇشپۇراق تارقاتقان بولغاچقا، گۈزەل گۈلىستان دېگەن نامى يىراق - يېقىنلارغا تاراپ كەتكەنىكەن. شۇڭا بۇ گۈلىستانغا يېقىن - يىراقتىكى قۇشلار كېلىپ، گۈلىستاننى كۈيلەپ



ناۋا قىلىدىكەن. رەڭگارەڭ كېپىنەكلەر گۈلىستاننىڭ شەرىپىگە ئۇسسۇل ئوينايدىكەن. يىڭناغۇچ، ھەسەل ھەرىلىرى گۈلىستاندىن ھۇزۇر ئېلىپ قانات قاقىدىكەن. گۈل ئارىلاپ ئېقىۋاتقان تاغ سۇلىرىمۇ بۇ گۈلىستاننى مەدھىيىلەپ ناخشا ئېيتىدىكەن.

ئاشۇ گۈلىستاندا پورەكلەپ ئېچىلىپ خۇشپۇراق تارقىتىپ تۇرغان ئەتىرگۈلنىڭ جىلۋىسى بۇ گۈلىستاندىكى ھەممىلەننىڭ ماختىنىشىغا سازاۋەر ئىكەن. كېپىنەكلەر «ئەي ئەتىرگۈل، سىز نېمانچە چىرايلىق» دەپ ئۇنىڭ يۇمران بەرگىلىرىگە سۆيۈپ قويىدىكەن. ھەسەل ھەرىلىرى ئۇنىڭغا مەھلىيا بولۇپ ئەتراپىدا ئۇچۇپ يۈرۈيدىكەن. قۇشلار ئۇنى مەدھىيىلەپ:

ئەي ئەتىرگۈل، ئەتىرگۈل،
سىز نېمانچە چىرايلىق.
يوقتۇر مۇشۇ جاھاندا،
سىزدەك خۇشبۇي پۇراقلىق.
سىز بولغاچقا باغ گۈزەل،
دالا، ئېتىز، تاغ گۈزەل.
بىزگە ھەرقانداق چاغدىن،
سىز ئېچىلغان چاغ گۈزەل.



دەپ ناخشا ئېيتىدىكەن. بىراق، ئەتىرگۈل گۈزەل بولغىنىدىن ئۆزىگە بەكمۇ تەمەننا قويىدىكەن. ئۇ دۇنيادىكى ھەممە گۈزەللىك ماڭا مۇجەسسەملەشكەن، مەن بولمىسام بۇ دۇنيادىكى ھەرقانداق گۈزەللىك مەۋجۇت بولمايدۇ دەپ ئەتراپتىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمايدىكەن. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى مەدھىيىلەشلىرىگىمۇ قۇلاق سالماي، مەن گۈزەل بولغاچقا سىلەر مېنى مەدھىيىلەيسىلەر، سىلەر مېنى مەدھىيىلىمىسەڭلارمۇ مەن بەرىبىر گۈزەل دەپ ئويلايدىكەن. ئۇ بۇ گۈلزارلىقتىكى باشقا گۈللەرنى «سىلەرنىمۇ گۈل دېگىلى بولامدۇ، مېنىڭ ئالدىمدا سىلەر خۇددى ئەخلەت - چاۋىغا ئوخشايسىلەر» دەپ كۆرەلمەيدىكەن. باشقا گۈللەر ئۇنىڭغا شۇنچە ياخشى مۇئامىلە قىلسىمۇ، ئۇلار بىلەن دوست بولۇشنى خالىماي، پەقەت ئۆزىنىلا نامايان قىلماقچى بولىدىكەن. باشقىلارنىڭ دوستانە يېقىنلىشىشلىرىغا پەرۋا قىلماي، ئۇلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپلا يۈرۈيدىكەن. ئۇسسۇل ئويناۋاتقان كېپىنەكلەرنى يېنىمغا كەلمە دەپ دۆشكەلەيدىكەن. ئەتراپىدا ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ پەرۋانە بولۇشلىرىدىن بېزارلىق ھېس قىلىدىكەن.

ئەترگۈل شۇنداق قىلىپ تۇرسىمۇ ئەتراپىتىكى ھەممىيلەن ئۇنى ھۆرمەتلەپ، ئىززەتلەيدىكەن. بىراق، ئۇ باشقىلارنى كۆزىنىڭ قىرىغىمۇ ئىلماي كۈندىن - كۈنگە ھاكاۋۇرلىشىپتۇ. ئۇ ھەتتا ئۆزىنىڭ غول، يىلتىز ۋە ياپراقلىرىنىمۇ كۆزگە ئىلماي، ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن ئايرىلماي تۇرغىنىغا نارازىلىق بىلدۈرىدىكەن. بىر كۈنى ئەترگۈل ئۆزى بىلەن ئايرىلماي تۇرغان غول ۋە ياپراقلىرىغا، ھەتتا يەر ئاستىدا تۇرۇپ ئوزۇقلۇق ۋە گۈزەللىك يەتكۈزۈپ بېرىۋاتقان يىلتىزىغا كۆرەڭلىك بىلەن ۋارقىراپ كېتىپتۇ:

—سىلەر نېمە دەپ ماڭا يېپىشىۋالىسىلەر؟ سىلەر مېنىڭ گۈزەللىكىمگە تەسىر يەتكۈزۈۋاتىسىلەر، سىلەر بولمىغان بولساڭلار مەن تېخىمۇ گۈزەل بولاتتىم.

ئەترگۈل ئاشۇنداق زارلىنىۋەرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ



يىلتىز، ياپراق، غوللىرى ئۇنى تاشلاپ كېتىپ قاپتۇ. ئەتىرگۈل گۈزەللىكىدىن، ھەتتا ھاياتىدىن ئايرىلىپتۇ.

ئەتىرگۈلسىزمۇ ئاشۇ گۈلىستان يەنە سانسىزلىغان گۈللىرى بىلەن ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىنى نامايان قىلىپ تۇرۇۋېرىپتۇ.







# توغراق بوۋاي



چىمەنزار دەپ ئاتىلىدىغان بۇ مەھەللە باغۋارانلىق ناھايىتى چىرايلىق بولسىمۇ، ئەتراپىنى پايانسىز قۇم بارخانلىرى ئوراپ تۇرىدىكەن. ئەتىياز ۋە كۈز پەسىللىرىدە شامال كۆپ چىققاچقا، كۆچكەن قۇملار مەھەللىنى كۆمۈۋېتىدىكەن. مەھەللىنىڭ چەت ياقىسىدىكى ئۆيلەرنىڭ ئىشىكلىرى قۇم بىلەن ئېتىلىپ قېلىپ، ئاچقىلى بولماي قالىدىغان چاغلارمۇ بولىدىكەن.

چىمەنزار مەھەللىسىدە قۇتلۇق دېگەن بىر بالا بولۇپ، بوران چىققان كۈنلىرى قۇمنىڭ دەستىدىن تالاغىمۇ چىقالماي، بەك زېرىكىپ كېتىدىكەن. ئۇ بەزىدە ئويلىنىپ قالىدىكەن: «بوران چىقمىسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى- ھە! بوران ھەر قېتىم بىرمۇنچە قۇمنى بىللە ئېلىپ كېلىدۇ، ئاخىرى بىزنىڭ مەھەللىنىمۇ قۇم بېسىپ كېتەرمۇ؟ بوۋامنىڭ ئېيتىشىچە مەھەللىمىزنى ئوراپ تۇرغان ئاشۇ قۇملۇقلار ئەسلى ناھايىتى چىرايلىق مەھەللىلەر ئىكەنتۇق».



شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى ۋە تەتىللەردە قۇتلۇق دادىسى بىلەن قۇملۇقتىكى توغراقلىقتىقا ئوتۇن ئالغىلى بارىدىكەن. ئۇ يەردە قۇرۇپ كەتكەن توغراق ئوتۇنلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، تېخىمۇ ئىچكىرى كىرگەندە قوچاق يەتمىگىدەك چوڭ توغراقلار قەيسەرلىك بىلەن ياش-ناپ تۇرىدىكەن.

بىر كۈنى قۇتلۇق دادىسى بىلەن ئاشۇ توغراقلىقتىقا ئوتۇنغا بې-رىپتۇ. دادىسى ئوتۇن كېسىۋاتقاندا قۇتلۇق توغراقلىقنىڭ تېخىمۇ ئىچكىرىسىگە كىرىپ كۆرۈپ باقماقچى بوپتۇ.

بۇ توغراقلىق قۇتلۇق ئۈچۈن ھەقىقەتەن باشقىچە كۆرۈنۈپتۇ. توغراقلارنىڭ بەزىلىرى قۇم بوران ۋە سۇسىزلىقنىڭ دەستىدىن قۇرۇپ قاقشال بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا مەزمۇت قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. بەزىلىرى كىشىنى تاڭ قالدۇرىدىغان قۇدرىتى بىلەن بۇ سۇسىز چۆلدە يەنىلا كۆكىرىپ ياشناپ تۇراتتى. بەزى توغراقلار يىقىلغان بولسىمۇ، ھازىرلا ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدىغاندەك يان - بېقىنلىرىدىن كۆك-لەشكە باشلىغانىدى. بەزى سۇنغان، يېرىلغان توغراقلار كىشىگە خۇد-دى ئۇق تەگكەندىمۇ يىقىلمايدىغان قەيسەر ئوغلانلارنى ئەسلىتەتتى. بەزى توغراقلار مۈكچىيىپ قالغان مومايلارغا، يەنە بەزى توغراقلار يۈ-كۈنۈپ ئولتۇرغان بوۋايلارغا ئوخشايتتى. بەزى توغراقلارنىڭ سىياقى ئاتقا، تۆگىگە ۋە يەنە ئاللىقانداقتۇر نەرسىلەرگە ئوخشايتتى. قۇتلۇق بۇ ئاجايىپ مەنزىرىلەرگە قىزىقىپ قالغاچقا، توغراقلىقنىڭ ئىچىگە خېلىلا ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەتكەنلىكىنىمۇ بىلمەي قاپتۇ.



خېلى ئۇزۇندىن كېيىن ھوشىنى تېپىپ دادىسىنىڭ يېنىغا قايتماقچى بوپتۇ. توغراقلىقنىڭ ئىچى تولىمۇ تىمتاس بو-لۇپ، توغراق ياپراقلىرىنىڭ شىلدىرلىشى ۋە تۇرۇپ - تۇرۇپ

سايراپ قالىدىغان چۆل قۇشلىرىنىڭ ئاۋازىدىن باشقا ھېچقانداق سادا ئاڭلانمايدىكەن. قۇتلۇقنىڭ دادىسىنىڭ ئوتۇن كەسكەن چاغدىكى «توك، توك!» قىلغان ئاۋازىمۇ ئاڭلانماپتۇ. تىمتاس توغراقلىقتا يالغۇز قالغان قۇتلۇقنى قورقۇنچتىن سوغۇق تەر بېسىپتۇ. ئۇ «دادا!» دەپ نەچچە قېتىم توۋلىغان بولسىمۇ دادىسىدىن جاۋاب قايتماپتۇ.

توغراقلىقنىڭ ھەممىلا تەرىپى ئوخشاشلا بولغاچقا قۇتلۇق قا-ياقتىن كېلىپ، قاياققا ماڭىدىغانلىقىنى بىلەلمەپتۇ. قۇتلۇق قالاي-مىقان مېڭىۋېرىشىنىڭ پايدىسى يوقلۇقىنى بىلىپ بىر توغراققا يۆ-لىنىپ ئولتۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا يېقىنلا يەردىن قۇتلۇقنىڭ بوۋىسىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشايدىغان بىر بوم ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ.

—قۇتلۇق، قۇتلۇق! ئالدىڭغا قارا، مەن ساڭا سۆزلەۋاتىمەن.

قۇتلۇق ئالدىدىكى نەچچە ئادەمنىڭ قۇچىقى يەتمەيدىغان توغراق-نىڭ خۇددى بوۋايلاردەك سۆزلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ. توغراققا خۇددى ئادەمنىڭكىدەك كۆز، ئېغىز، بۇرۇن، ساقال پەيدا بو-لۇپ، بىر قارىماققا قۇتلۇقنىڭ بوۋىسىغا ئوخشاپ قالغانىكەن.

—سىز توغراق تۇرۇپ گەپ قىلالامسىز؟

—ھەئە، سەنچە بىز سۆزلىسەك بولمايدىكەن – دە.

—مەن سىزنى توغراق بوۋا دېسەم بولامدۇ؟

—بولىدۇ، بولىدۇ، سېنىڭ بوۋاڭنىڭ بوۋىسىدىنمۇ چوڭ تۇرسام، بوۋا دېسەڭ نېمىشقا بولمايدىكەن؟!



—توغراق بوۋا، رەھمەتلىك بوۋام ماڭا دائىم ھېكايە ئېيتىپ بېرەتتى، سىزمۇ بىر ھېكايە ئېيتىپ بېرىڭە— دەپتۇ قۇتلۇق خۇش بولۇپ.

—بولىدۇ، ساڭا توغراقلارنىڭ ئېچىنىشلىق تارىخى

ھەققىدە سۆزلەپ بېرەي، — دەپتۇ توغراق ئېغىر ئۇھسىنىپ، —سەن كۆرۈۋاتقان مۇشۇ قۇملۇقلار ئەسلى شەربەتلىك مېۋىلەر بار گۈلباغلار، يىلمۇيىل ھوسۇل بېرىپ تۇرىدىغان ئېتىزلىقلار، ناۋالىق قۇشلار سايراپ تۇرىدىغان، شىلدىرلاپ سۇ ئېقىپ تۇرىدىغان ئۆستەڭلەر بار ناھايىتى گۈزەل ماكان ئىدى. بۇ يەردە بىز توغراقلارمۇ شۇلارنىڭ قا- تارىدا ئۆز ئارتۇقچىلىقلىرىمىز بىلەن ياشناپ، كۆكىرىپ تۇراتتۇق، بىراق سېنىڭ بوۋىلىرىڭ بىزگە توغرا مۇئامىلە قىلمىدى، دەل - دە- رەخلەرنى خالىغانچە كېسىپ، ئەركىن ياشاۋاتقان ھايۋانلارنى ئېتىپ ۋەيران قىلدى. دەريا - ئېقىنلارغا قوپال مۇئامىلە قىلىپ، ئاخىرىدا بىز ئېچكۈدەك بىر تامچە سۇنىمۇ قويمىدى. ئۆزىنىڭ گۈزەل مەھەللىلە- رىنى قۇم بارخانلىرىغا تارتقۇزۇپ قويغاننى ئاز دەپ، تۈرلۈك جانىۋار- لارنىڭ ماكانىنىمۇ ۋەيران قىلدى...

—ياق، ياق، مەن بۇ گېپىڭىزگە ھەرگىز ئىشەنمەيمەن، بۇ يەر ئەزەلدىنلا مۇشۇنداق قۇملۇق ئىدىغۇ، سىلەر ئەزەلدىنلا مۇشۇنداق قاغجىراپ تۇراتتىڭلارغۇ. بۇ يەردە نەدىمۇ شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان سۈزۈك سۇ بولسۇن. بوۋامنىڭ دەپ بېرىشىچە، بوۋام مەندەك چاغلار- دىمۇ بۇ يەر مۇشۇنداق چۆل ئىكەنتۇققۇ؟

قۇتلۇقنىڭ بالىلارچە گەپلىرىگە توغراق بوۋاينىڭ ئاچچىقى كەلمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئاز - تولا چۈشەندۈرۈپ قويۇشنىڭ زۆ- رۈرلۈكىنى بىلىپ، سەۋرچانلىق بىلەن مۇنداق دەپتۇ:



—بوۋاڭنىڭ سەندەك چاغلىرى مەن ئۈچۈن تۈنۈگۈن- دىكىدەكلا ئىش، مەن دەۋاتقان بۇ گەپلەر سەن ئۈچۈن ناھا- يىتى بۇرۇنقى گەپ ... ، ھازىرمۇ سىلەر بۇ يەرگە ئوتۇنغا كەلگەن شۇنداقمۇ؟

قۇتلۇق «ھەئە» دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتىپتۇ.

—ئەگەر سىلەر يەنە ئوتۇن كېسىشنى توختاتمىساڭلار، ھازىرقى چىمەنزار دېگەن مەھەللەڭلار قۇمنىڭ ئاستىدا قالىدۇ.

—نېمىشقا؟! — قۇتلۇق نېمىدىندۇر قورققان ئادەمدەك ئەندىكىپ سوراپتۇ.

—چۈنكى، بىزنىڭ تومۇرىمىز سىلەرنىڭ تومۇرۇڭلار بىلەن تۇتاش، سىلەرنىڭ بىزگە پالتا چاپقانلىقىڭلار ئەمەلىيەتتە ئۆز پۇتۇڭلارغا پالتا چاپقان بىلەن ئوخشاش، سىلەرنىڭ بىزنى ئوتۇن قىلىپ قالغىنىڭلار ئۆزۈڭلارنى ئۆزۈڭلار ئوتقا تۇتۇپ بەرگەنلىكىڭلاردۇر. بالام، مەندىن نەسىھەت بولۇپ قالسۇن، بۇندىن كېيىن بىزنى ھەرگىز چاناپ ئوتۇن قىلىپ قالماڭلار، ئەگەر بىز بولمىساق سىلەرنىڭ گۈزەل مەھەللەڭلارمۇ قۇم ئاستىدا قالىدۇ...

—توك، توك، توك! — قۇتلۇق بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ ئەتراپقا قارىدى. قۇتلۇقنىڭ دادىسى يېقىنلا يەردىكى بىر توغراقنى ھەدەپ پالتا بىلەن چاناۋاتاتتى. سۆزلەۋاتقان توغراق بوۋاي نەگىدۇر غايىب بولغانىدى. قۇتلۇق يۈگۈرۈپ بارغىنىچە دادىسىنىڭ قولىغا ئېسىلدى.

— دادا، دادا! بولدى، بۇ توغراقنى چانىما! ئۇ ئۆزۈڭنىڭ پۇتىغا ئۆزۈڭ پالتا چاپقانغا ئوخشاش ئىش.

قۇتلۇقنىڭ دادىسى ھەيران بولۇپ سوراپتۇ:

—نېمە بولدۇڭ بالام، ساڭا جىن تەگمىگەندۇ؟!

—ياق دادا، مەن ئەمدى بۇ توغراقلارنى چاناپ ئوتۇن قىلىشىڭغا يول قويمايمەن!

قۇتلۇقنىڭ دادىسى نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمەي كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ قاراپ قاپتۇ.







# يالغانچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام





بۇرۇنقى زاماندا ھايۋانلار توپلىشىپ ياشايدىغان بىر ئوتلاقتا بىر بوز توشقان ئۆتكەنىكەن. ئۇ ناھايىتى قورقۇنچاق ھەم يالغانچى ئىكەن. ئۇ دائىم يالغان سۆزلەپلا يۈرۈيدىكەن. يالغان گەپ قىلمىغان كۈنى كۆڭلى يېرىم بولۇپ قالىدىكەن.

بىر كۈنى بوز توشقان ناخشا ئېيتقىنىچە كېتىۋاتسا، ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆچكە ئۇچراپ قاپتۇ. شۇڭا ئۇ ناخشىسىنى تېخىمۇ كۈچەپ ئېيتىپتۇ:

بېرىپ كېلەي بۈگۈن مەن،
يىراقتىكى ئورمانغا.
يولۋاس دېگەن جان دوستۇم،
چاقىرىپتۇ مېھمانغا.



ئۆچكە بوز توشقاننىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

—ھەي بوز توشقان، بۇنچە ئالدىراپ نەگە ماڭدىڭ؟

—نەگە ماڭاتتىم، قەدىناس دوستۇم يولۋاس مېنى بۈگۈن كاتتا زىياپەتكە چاقىرىپتىكەن، شۇ يەرگە ماڭدىم. دوستۇم يولۋاس مېنى دائىم مېھمان قىلىمەن دەپ ئاۋارە بولىدۇ. ماقۇل، سەن بىلەن كېيىن پاراڭلىشاي، —بوز توشقان سەكرەپ - سەكرەپ قويۇق ئوت - چۆپلەر ئارىسىغا كىرىپ كېتىپتۇ.

توشقان يۈگۈرۈپ كېتىۋاتسا قىرغاۋۇل سالام قىپتۇ:

—ھەي بوز توشقان، نەگە ماڭدىڭ؟

—نەگە ماڭاتتىم، ئاڭلىسام دوستۇم بۆرە ئاغرىپ قاپتۇ، شۇنچە يېقىن دوست تۇرۇپ يوقلاپ قويمىسام سەت تۇرمامدۇ، شۇ يەرگە ماڭ-غانىدىم. ئۇ ئۆزىمۇ دوستۇم بوز توشقاننى چاقىرتىپ بېرىڭلار دەپتۇ-دەك. بوز توشقان قىرغاۋۇلنىڭ نېمە دېگەنلىكىگىمۇ قۇلاق سالماي يەنە ئوت - چۆپلەر ئارىسىغا كىرىپ كېتىپتۇ.

بوز توشقان يەنە تاقلاپ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتسا ئاق كەپتەر ئۇنىڭدىن ئەھۋال سوراپتۇ:

—ياخشىمۇسەن بوز توشقان، بۇنچە ئالدىراپ نەگە ماڭدىڭ؟

—نەگە ماڭاتتىم، — بوز توشقان بۇ قېتىم نېمە دېيىشنى بىلەلمەي بىردەم تورۇپ قالغان بولسىمۇ پەقەت راست گەپ قىلغۇسى كەلمەپتۇ، ئۇنى ئىشەندۇرگۇدەك يالغان گەپ تاپالماپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئاغزىغا كەلگەن يالغان گەپنى قىلىۋېرىپتۇ، — بۈركۈتنىڭ يېنىغا ماڭدىم، بۈركۈتنىڭ يېنىغا!

—نېمە؟ بۈركۈتنىڭ يېنىدا نېمە بار ساڭا، — ئاق كەپتەر ھەيران بولۇپ بۇقۇلداپتۇ.



—شۇ ئەمەسمۇ، ئىشىمنىڭ تولىلىقىدا مېنىڭغۇ بار-

غۇم يوق ئىدى. ئۇ «مەن ئاسماندا ئۇچالىغان بىلەن يەردە يۈگۈرەلمەي-مەن، ماڭا يۈگۈرۈشنى ئۆگىتىپ قويساڭ» دېگەنىدى، شۇڭا ئۇنىڭغا يۈگۈرۈشنى ئۆگىتىپ قوياي...

بوز توشقان يەنە يۈگۈرگىنىچە ئوت - چۆپلەر ئارىسىغا كىرىپ كېتىپتۇ. كەپتەر بوز توشقاننىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشىنەلمە-گەندەك ھەيران بولغىنىچە قاراپ قاپتۇ.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇن كەپتەرنىڭ يېنىغا ئاق ئۆچكە بىلەن قىر-غاۋۇلمۇ كېلىپ قاپتۇ. ئۇلار تاغدىن - باغدىن پاراڭلىشىپ تۇرغاندا، ئۇلارنىڭ ئالدىدا بوز توشقان پەيدا بولۇپ قاپتۇ. بوز توشقاندىن ئۇلار ئايرىم - ئايرىم سوراپتۇ:

—ھە، يولۋاسنىڭ يېنىغا باردىڭمۇ؟

—ھە، بۆرىنىڭ يېنىغا باردىڭمۇ؟

—ھە، بۈركۈتنىڭ يېنىغا باردىڭمۇ؟

بوز توشقان نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەپتۇ. چۈنكى، ئۇ ئۆچكە ئۈچ خىل يالغان گەپ قىلغانىدى. بوز توشقاننىڭ ھودۇقۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن قىرغاۋۇل ئۇنىڭ يالغان سۆزلىگەنلىكىنى بىلىپ قاپتۇ - دە، ئۇنى سىناپ باقماقچى بولۇپ ۋارقىراپتۇ:

—بوز توشقان، سەن بۆرىنى ئاغرىپ قالدى دەۋاتاتتىڭ، ئەنە كەي-نىڭدىلا كېلىۋاتامدۇ؟

قىرغاۋۇلنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قورققىنىدىن قانداق قىلارىنى بىلەلمەي قالغان قورقۇنچاق توشقان ئالدى - كەينىگە قارىماي بەدەر تىكىۋېتىپتۇ.



«يالغانچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام» دېگەن گەپ ئەنە شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# ئېيىق بىلەن ئۆردەك

بىر كۈنى تار جىرادا ئېيىق بىلەن ئۆردەك ئۇچرىشىپ قاپتۇ.

— سېنىڭ ئىسمىڭ نېمە؟ — ئۆردەك ئېيىقنى بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغاچقا، ئۇنىڭدىن سوراپتۇ.

— مېنىڭ ئىسمىم ئېيىق، سېنىڭچۇ؟ — ئېيىقمۇ ئۆردەكنى كۆرۈپ باقمىغاچقا، ئۆردەككە يېقىنلاشماي تۇرۇپ سوراپتۇ.

— ئىسمىم ئۆردەك، لەقىمىم ئاق پىشماق، — ئۆردەك بويۇنلىرىنى سوزۇپ قاناتلىرىنى قېقىپ قويۇپتۇ.

— مېنىڭ لەقىمىم قاراماتاق.

ئۆردەك غاقىلداپ كۈلۈپ كېتىپتۇ.

— نېمىگە كۈلىسەن، مېنىڭ لەقىمىم كۈلكىلىكمىكەن؟ بۇ لەقەمنى يۇقىرىقى مەھەللىدىكى غاز قويۇپ قويغان، — ئېيىق خىجىل بولغاندەك يەرگە قاراپتۇ.



— مېنىڭ لەقىمىمنىمۇ غاز قويغان، ئۇ كىمنى كۆرسە شۇنىڭغا لەقەم قويىدىكەن. مېنىڭ لەقىمىمغۇ ھەرھالدا ئۆزۈمگە ياراشقان، سېنىڭ قاراماتاق دېگەن لەقىمىڭ...—

ئۆردەك يەنە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈپتۇ.

— غاز ساڭا بەك ئوخشايدىكەن، مەن سېنى تېخى غاز-

مىكىن دەپ كۆرۈشمەي ئۆتۈپ كەتكىلى تاس قاپتىمەن. ساڭا چىرايلىق لەقەم قويغىنىنغا قارىغاندا ئۇ سېنىڭ ئاكاڭ ئوخشىمامدۇ؟ — ئېيىق ئۆردەكتىن گۇمانلانغاندەك سوراپتۇ.

—ياق، ياق، ئۇ مېنىڭ ھېچنەرسەم ئەمەس، غاز دېگەن غاز، ئۆردەك دېگەن ئۆردەك، ئۇ ئاشۇنداق لەقەم قويۇشقا ئامراقكەنغۇ تاڭ.

—بىزمۇ ئۇنىڭغا لەقەم قويۇپ قويساق بولغۇدەك، نېمىشقا ئىسمىمىزنى چاقىرماي بىزگە لەقەم قويىدىكەن.

—ئۇنىڭغا تۆۋەنكى مەھەللىدىكى بۆكەن، توشقان، كىرپىلەر لەقەم قويۇپ بوپتۇ.

—ھە! نېمە دەپ لەقەم قويۇپتۇ ئۇنىڭغا؟ — ئېيىق ئالدىراپ سوراپتۇ.

—سۇناي بويۇن دەپ لەقەم قويۇپتۇ.

ئۆردەكنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان ئېيىق خۇشال بولۇپ كۈلۈپ كېتىپتۇ.

—ئۇنىڭ لەقىمىمۇ تازا قاملىشىپتىغۇ، ئۇمۇ لەقەمنىڭ تەمىنى تېتىپ باقسۇن! سۇناي دېگىنىمىز تويلاردا پۈۋلەپ چالىدىغان نەرسىغۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە غازنىڭ ئاۋازىمۇ سۇناينىڭ ئاۋازىدەك ياڭراق. بۇ لەقەمنى كىم قويغاندۇ، ئۇنى تاپسام چوقۇم ئاغزىغا ناۋات سېلىپ قوياتتىم. ماڭا غازنىڭ قاراماتاق دەپ لەقەم قويغانلىقىدىن بەك ئاچچىقىم كېلىدۇ، ھازىر ھەممەيلەن ئىسمىمنى چاقىرماي، قاراماتاق دەپ چاقىرىدىغان بولدى. بىر ئوبدان ئەزان توۋلاپ قويغان ئىسمىمىز تۇرسا... — ئېيىق خاپا بولغىنىدىن گېپىنىڭ ئاخىرىنى چىقىرالماپتۇ.



—ھەرھالدا غاز ئىككىمىزگە يامان ئەمەس لەقەملەرنى

قويۇپتۇ، ئۇنىڭ باشقىلارغا قويغان لەقىمىنى ئاڭلىساڭ تېخىمۇ ئاچ-چىقىڭ كېلىدۇ، — ئۆردەك ئېيىق بىلەن چىقىشىپ قالغاچقا ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپتۇ.

— ھە، ئۇ باشقىلارغا قانداق لەقەملەرنى قويۇپتۇ؟ — باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ئاڭلاشقا ئامراق ئېيىق ئالدىراپ سوراپتۇ.

— توشقانغا يېرىق كالپۇك، پىلغا سالپاڭ قۇلاق، بۆرىگە ھۆۋلە-غاق، تۈلكىگە ھىيلىگەر، مايمۇنغا قىزىل كاسسا ... ئۇ يۇقىرى-تۆۋەن مەھەللىدىكى ھەممەيلەنگە لەقەم قويۇپ بوپتۇ.

ئېيىق قاقاقلاپ كۈلۈپ خۇش بولۇپ كېتىپتۇ.

— بەك قاملىشىپتۇ، ئۇلارنىڭ لەقىمى بەك قاملىشىپتۇ.

— ھەي، سەن بۇنداق دېسەڭ قانداق بولىدۇ؟ ئۆزۈڭنى قاراماتاق دەپ قويغانغا خاپا بولۇۋاتسەن، باشقىلارنىڭ لەقىمىنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇۋاتسەنغۇ؟ — دەپتۇ ئۆردەك ئېيىقنى ئەيىبلەپ.

— ئۇلارغا قويغان لەقەملەر بەك قاملىشىپتۇ. ئۇ پەقەت ماڭىلا قاملاشمىغان لەقەمنى قويۇپتۇ، ئەمدى مەن غارنى كۆرسەم ماڭا باشقا بىر لەقەم قويغىن دەيمەن! — ئېيىق ئۆزىچە ئويان-بۇيان ئىنغاڭلاپ مېڭىپ، ئۆزىگە قانداق لەقەمنىڭ ماس كېلىدىغانلىقى ھەققىدە ئوي-لىنىشىپتۇ.

— نېمانداق بىر يەردە تۇرماي مېڭىۋېرىسەن؟

— مەن ئۆزۈمگە قانداق لەقەمنىڭ ماس كېلىدىغانلىقى ھەققىدە ئويلىنىۋاتىمەن، سەنچە ماڭا قانداق لەقەم ماس كېلەر؟ — ئېيىق ئۆردەكنى ماڭا ئوبدانراق بىر لەقەم تېپىپ بېرەرمى-كىن دېگەندەك ئۇنىڭغا تىكىلىپتۇ.



— باشقىلارمۇ ساڭا قاراماتاق دېگەن لەقەم بەك ماس

كەپتۇ دەۋاتىدۇ، بۈگۈن مەنمۇ سېنى كۆرۈپ، لەقىمىڭنىڭ ئۆزۈڭگە ماس كەلگەنلىكىنى بىلدىم.

ئۆردەك ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن راست گەپ قىپتۇ. ئېيىقنىڭ قۇياش نۇرىدا پارقىراپ تۇرغان قاپقارا مويلىرى تېخىمۇ قارا كۆرۈنۈپتۇ.

— «قاراماتاق» دېگەن لەقەم ماڭا پەقەت ماس كەلمىگەندەكلا قىلىدىغۇ، مەن شۇنچىۋالا قارىمۇ؟ — ئېيىق ئۆزىنىڭ ئۇستىۋېشىغا بىرقۇر قاراپ قويۇپ سوراپتۇ.

— قارىلىقىڭ راست، سەن سۇغا چۈشۈپ يۇيۇنمايدىغان ئوخشىمامسەن؟ — ئۆردەك سۇنىڭ گېپىنى چىقىرىپ تېخىمۇ روھلىنىپتۇ.

— سۇغا چۈشسەم ساڭا ئوخشاش ئاپئاق بولامدىمەن؟ — ئېيىق ئۆردەكنىڭ ئاپئاق پەيلىرىگە ھەۋەس قىلىپ سوراپتۇ.

— مەن ھەركۈنى سۇغا چۈشكەچكە، مۇشۇنداق ئاپئاق تۇرىمەن.

— سەن قەيەردىكى سۇغا چۈشۈسەن؟

— تۆۋەنكى مەھەللىدىكى كۆلگە چۈشىمەن. ئۇ كۆلنىڭ سۈيى بەك سۈزۈك، ئۇ سېنىمۇ ماڭا ئوخشاش ئاپئاق قىلىۋېتىشى مۇمكىن، — ئۆردەك شۇنداق دېگەندىن كېيىن ئېيىقنى كۆل تەرەپكە باشلاپ مېڭىپتۇ.

— مەن ئاشۇ كۆلدە يۇيۇنۇپ سەندەك ئاپئاق بولىمەن، ئۇ چاغدا سۇناي بويۇن مېنى يەنە قاراماتاق دېيەلەمدىكىن! — ئېيىق ئۆردەككە ئەگىشىپ ماڭغاچ غودۇراپتۇ.



ئۇلار كۆل بويىغا يېتىپ كەپتۇ، سۇنى كۆرۈپ تۇرالماي قالغان ئۆردەك ئۆزىنى سۇغا ئېتىپتۇ. ئېيىقمۇ كۆلگە ئۆزىنى تاشلاپتىكەن، بىرنەچچە قېتىم چۆكۈپ كېتىپ سۇ

ئىچۇۋېلىپ يۆتىلىپ كېتىپتۇ، شۇڭا ئۇ كۆلنىڭ ئۆزىنى چۆكتۈرەمەيدىغان چېتىدە يۇيۇنۇپتۇ.

بىراق، ئۇ ئۆزىنى ھەرقانچە يۇيسىمۇ ئاقارماقتا يوق تۈكلىرى پارقىراپ تېخىمۇ قارىداپ كېتىپتۇ.

سۇدا ئۈزۈپ، موللاق ئېتىپ ئويناپ چارچىغان ئۆردەك قىرغاققا چىقىپ، تومشۇقى بىلەن تۈك ـ پەيلىرىنى تۈزەشتۈرۈپتۇ. ئۇ تېخىمۇ ئاقىرىپ كېتىپتۇ، بۇنى كۆرگەن ئېيىق نارازى بولۇپ قاقشاپتۇ:

—مەن شۇنچە كۆپ يۇيۇنساممۇ نېمىشقا ئاقارمايمەن؟

ئۆردەكمۇ ئېيىققا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەپتۇ، شۇ چاغدا بىر قېرى مايمۇن كۆل بويىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئېيىقنىڭ قاقشاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا:

—ھەي ئېيىقچاق، سېنىڭ رەڭگىڭ تەبىئىي ئاشۇنداق قارا، مەنمۇ خۇددى ساڭا ئوخشاش قارا. سەن ھەرقانچە يۇيۇنساڭمۇ ئۆردەكتەك ئاقارمايسەن، سېنىڭ قارا رەڭلىك بولغانلىقىڭ ئۆزۈڭنىڭ ئالاھىدىلىكى، دۇنيادىكى ھەممىلا نەرسە ئاق رەڭلىك بولۇپ كەتسىمۇ قاملاشمايدۇ، سەنمۇ ئۆزۈڭنىڭ ئالاھىدىلىكىڭدىن پەخىرلەنسەڭ بولىدۇ، — دەپتۇ.

—بىراق، مېنى سۇناي بويۇن قاراماتاق دەپتۇ ئەمەسمۇ، — كۆلدىن چىققان ئېيىق غودۇڭشۇپتۇ.

—سۇناي بويۇن دېگەن كىممۇ ئۇ؟

—غازنى دەيدۇ، — دەپتۇ ئۆردەك قېرى مايمۇننىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىپ.



—غازنى غاز دېمەي نېمە دەپ سۇناي بويۇن دەيسىلەر، ئۆزۈڭلارنىڭ شۇنداق چىرايلىق ئىسمى بولغاندىكىن

ئىسمىڭلارنى ئاتاڭلار، بىر - بىرىڭلارغا لەقەم قويۇش ياخشى ئىش ئەمەس، —قېرى مايمۇن ياخشى نەسىھەتلەرنى قىلىپ كېتىپ قاپتۇ.

ئېيىق بىلەن ئۆردەك تاغ تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇلار تاغ تەرەپتىن غاز قاتارلىقلارنىڭ ئېيتىۋاتقان تۆۋەندىكى ناخشىسىنى ئاڭلاپتۇ:

تۇرسا گۈلدەك ئىسمىمىز،
لەقەم قويۇش نە هاجەت.
ئىناقلىقتا زىيانلىق،
تۈگەپ كەتسۇن بۇ ئادەت.





# شىر ۋە پاشىلار

شىر پادىشاھ بولۇپ دەۋران
سۈرگەن چاغلاردا،
كۆرەڭلىكتىن يايراپتۇ ئۇ
باغ ۋە تاغلاردا.
بارچە ھايۋان قورقىدىكەن
ئۇنى كۆرگەندە،
شىر ئاشۇنداق خۇشال كۈلۈپ
مەغرۇر يۈرگەندە.
بىر توپ پاشا يېتىپ كەپتۇ
شاد ناخشا ئېيتىپ،
شىر ئۇلاردىن بىزار بولۇپ
قاپتۇ تېرىكىپ.
«شىر پادىشاھ ئالىيلىرى
ياخشى تۇرامسىز،
سىز بىز بىلەن ئوينىسىڭىز
خۇشال بولامسىز.
پادىشاھقا دوست بولۇشنى
بىز بەك خالايمىز،



بىز سىز بىلەن بىللە بولساق
كۈلۈپ يايرايمىز.»
بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ شىرنىڭ
غەزىپى قوزغاپ،
پاشىلارنى تىللاپتۇ ئۇ
ئۇرۇپ ۋە قوغلاپ.
«كۆزۈمدىن تېز يوقىلىشقىن
شۇمتەك، ئاۋاقلار،
چىق ئوردامدىن ساڭا لايىق
ئىكەن، شىۋاقلار.
پادىشاھ مەن سىلەرنى ھېچ
كۆزگە ئىلمايمەن،
ھېلى بىكار تۇتۇۋېلىپ
راسا قىينايمەن.»
پاشىلارمۇ بۇ گەپلەردىن
كەپتۇ غەزەپكە،
ئۆتۈپتۇ تېز ھۇجۇمغا ھەم
تىزىلىپ سەپكە.
شىرمۇ شۇ چاغ ئۇلار بىلەن
قىلماق بوپتۇدەك،
لېكىن قانچە تىرىشسىمۇ
كېلەلمەپتۇ تە...
چاققاچ... سىر ئۈستە...
سەكرەپ ئاتلاپتۇ،



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئاغرىققا ئۇ چىدىيالماي
قاقشاپ دادلاپتۇ.
«ھەي پاشىلار غىڭىلدىشىپ
ئۇچماڭلار ئەمدى،
ماڭا بۇنداق نەشتەر تىقىپ
چاقماڭلار ئەمدى.
قىلىپ بېرەي مەن سىلەرگە
نېمە دېسەڭلار،
تەييار قىلاي سىلەر ئۈچۈن
نېمە يېسەڭلار.»
«بىلىپ قويۇڭ بىزنىڭ ئۇنچە
كۆپ تەلىپىمىز يوق،
ئۆلسۇن دەيمىز ياچۇەك ۋە
پاقا، پاتمىچۇق.»
«ماقۇل، ماقۇل، مەن بۇ ئىشنى
دەرھال ئورۇندای،
مېنى ئەمدى چاقماڭلارچۇ
مەن بىر خوش بولاي.»
پاشىلارنىڭ تەلىپىنى
ئورۇنداپتۇ ئۇ.
شۇنداقتىمۇ پاشىلارنى
قۇتۇلماپتۇ ئۇ.
«ھەي پاشىلار يەنە نېمە دېب
چاقىسىلەر مېنى،



يېڭى تەلەپ بولسا دەرھال

ئېيتىڭلار قېنى.»

«ئۆلتۈرۈپ بەر بىزگە ئەمدى

بېلىق، قۇمچاقنى،

قىلىشمىسۇن ئۇلار بىزگە

ئوشۇق چاقچاقنى.»

شۇ چاغدا شىر سەكرەپتۇ تېز

سۇغا، دەرياغا،

دۇچار بوپتۇ بېلىق، قۇمچاق

ئاپەت، قازاغا.

تېخىمۇ بەك كۆپىيىپتۇ

پاشىلار شۇئان،

شىر چىدىماي غەزەپ بىلەن

تولاپتۇ: «ۋايجان!»

«ھەي شۇمتەكلەر مېنى نېمە دەپ

چاقىسىلەر يەنە،

دۈشمىنىڭگە زەربە بەرسەم

ئۆلدىڭغۇ ئەنە.»

«يەردە، سۇدا دۈشمەنلىرىمىز

ئۆلگەن بولسىمۇ،

ئاسماندا بار، ئۆلتۈرۈپ بەر

ئەمدى ئۇنىمۇ.»

تۇرۇپ قالدى شۇ چاغدا شىر

ئاسمانغا قاراپ،

نېمىشقىكىن چۈلغىۋاپتۇ
ئۇنى بىر ئازاب.
كۆكتە قارلىغاچ پاشىلارنى
تۇتۇپ يۈرگۈدەك.
پاشىلارمۇ ئۇنى كۆرۈپ
قورقۇپ قاچقىدەك.
قارلىغاچمۇ شىرنى كۆرۈپ
چۈشۈپتۇ پەسلەپ،
«ئەي پادىشاھ، كۆككە قاراپ
قاپسىزغۇ ئەسنەپ.»
قارلىغاچنىڭ بۇ سۆزىنى
ئاڭلاپ شۇ چاغ شىر،
نېمىشقىكىن غەزەپ بىلەن
تىترەپتۇ دىر - دىر.
«ھەممىڭلارنى يەيمەن بۇگۈن
بىلىشىپ قويغىن،
ئېغىزىمنى ئېچىپ تۇراي
ئۆزلىرىڭ قويغىن.»
«نېمە ئۈچۈن يېمەك بولۇپ
قالدىڭىز بىزنى
قايسى بىر ئىش[illegible] ئەجىر قىلدى
بۇ ئىشقا سىزنى
« پاشىلار شۇنداق ۋەدە
بەرگەنىدىم مەن،



شۇ چاغ ئۇلار چىن دوست بولماق
بولغان مەن بىلەن.»
«پادىشاھىم ئەمدى ھەرگىز
ئەخمەقلىق قىلماڭ،
سىز گېپىمنى ئاڭلاپ بېقىڭ
ئوبدانراق ئويلاڭ.
پاشىلارنىڭ دۈشمىنىنى
ئۆلتۈرۈۋەتسىڭىز،
پاشا بىلەن تولۇپ كېتەر
كەڭ دالا، ئېتىز.
ئۇ چاغدا سىز پاشىلاردىن
قۇتۇلالامسىز؟
سىزنى نابۇت قىلار ئۇلار
چېقىپ تىنىمسىز.»
بۇنى ئاڭلاپ شىرمۇ ئازراق
ئويلىنىپ قاپتۇ،
ئۇنى شۇ چاغ دەرد-پۇشايمان
ئىلكىگە ئاپتۇ.





# مايمۇننىڭ قۇيرۇقى

قۇربان بوۋاي چۆچەك ئېيتىشقا ئۇستا بولغاچقا، نەۋرىلىرى شەنبە، يەكشەنبە، ھېيت - بايرام كۈنلىرى ئۇنىڭ ئۆيىگە كېلىپ چۆچەك ئاڭلايدىكەن. بوۋاينىڭ سۇرىيە، رەنا، تۇغلۇق، قۇتلۇق، ئەلقۇت، گۈلزىبا قاتارلىق نەۋرىلىرى چۆچەك ئاڭلاشقا بەك ئامراق ئىكەن. نەۋرىلىرىنىڭ ئەڭ كىچىكى ئەلقۇت چۆچەكنى ئاڭلاپ بولۇپلا بوۋىسىدىن تولا سوئال سوراپ تۇرۇۋالىدىكەن. قۇربان بوۋاي ئۇنىڭ سوئاللىرىغا ئەستايىدىل جاۋاب بەرسىمۇ، بەزى سوئاللىرىغا قانداق جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي قالىدىكەن. بىر كۈنى قۇربان بوۋاي ئۇلارغا تۆۋەندىكى چۆچەكنى ئېيتىپ بېرىپتۇ:

— بۇرۇنقى زاماندا بىر مايمۇن بولغانىكەن. ئۇ دەرەختىن - دەرەخكە سەكرەپ، موللاق ئېتىپ ئۇسسۇل ئويناپلا يۈرىدىكەن. بەزىدە ئۇ تۆۋەندىكى مايمۇنلار ناخشىسىنى ئېيتىدىكەن:

دەرەخلەردىن دەرەخكە،
كىملەر مەندەك سەكرەيدۇ.
موللاق ئېتىپ ئويناشتا،
ھېچكىم ماڭا يەتمەيدۇ.
تاغ شاپتۇلى بەك تاتلىق،



يېسەم - يېسەم تويمايمەن.
ھەر خىل گۈل ۋە چېچەكتىن،
دەستە ياساپ ئوينايمەن.

بىر كۈنى مايمۇن دەرەختىن - دەرەخكە، قىردىن - قىرغا سەكرەپ يۈرۈپ، ئاخىرى ئادەملەر بار مەھەللىگە كېلىپ قاپتۇ. ئۇ مەھەللىنىڭ يېنىدىكى بىر ئۆستەڭ بويىدا قىپيالىڭاچ بولۇۋېلىپ، سۇغا چۈشۈۋاتقان بالىلارغا قاراپ ھەيران قاپتۇ - دە، ئۇلارنىڭ قانداق مايمۇن ئىكەنلىكىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن، ئۆستەڭ بويىدىكى قېرى سۆگەتنىڭ ئۈستىگە چىقىپ يوپۇرماقلار ئارىسىدىن بالىلارنىڭ تاماشىسىنى كۆرۈپتۇ.

— پاھ، بۇ قانداق مايمۇنلاردۇ، ئۇلارنىڭ ئۈستىدە تېرىسىمۇ يوق ئىكەن. ئۇلارنىڭ قۇيرۇقىمۇ يوق ئىكەنغۇ؟

مايمۇن بالىلارنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاچقا شۇنداق ئويلاپتۇ. شۇ چاغدا بالىلاردىن بىرى مايمۇن چىقىۋالغان قېرى سۆگەتنىڭ يېنىدىكى يەنە بىر سۆگەتكە يامىشىپتۇ. بالا دەرەخكە چەبدەسلىك بىلەن چىقىۋاتقان بولسىمۇ، مايمۇنغا ئۇ پەقەت چىقالمايۋاتقاندەك تۇيۇلۇپتۇ.

— ھەي، دەرەخكە چىقالمايدىغان ھالىڭغا نېمە دەپ دەرەخكە ياماشقان بولغىيتتىڭ؟ قۇيرۇقۇڭ بولمىغاندىن كېيىن دەرەخكە چىقىش ساڭا ئاشۇنداق تەس كېلىدۇ.



مايمۇن شۇنداق ئويلاۋاتقاندا بالا دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقىپ چۇقان سالغىنىچە ئۆستەڭگە ئۆزىنى تاشلاپتۇ. مايمۇن ئەمدى بالىلارغا قىزىقىپ قاپتۇ. بالىلار تۇرۇپ سۇدا بېلىقتەك ئۈزسە، تۇرۇپ بىر - بىرىگە سۇ چېچىپ چۇر-

قىرىشىپ ئوينايدىكەن. ئىككىسى بىر بولۇۋېلىپ يەنە بىرسىنى سوغا تاشلايدىكەن.

— بۇ قۇيرۇقسىزلار ئەجەب قىزىق ئوينايدىكەنغۇ، — ئەمدى مايمۇننىڭ باللارغا ناھايىتى ھەۋىسى كەپتۇ. بىر چاغدا باللار كىيىملىرىنى كىيىۋاپتۇ، بۇ مايمۇننى تولىمۇ ھەيران قالدۇرۇپتۇ.

— بۇلارنىڭ تېرىلىرىنى سېلىپ كىيگىلى بولىدىكەنغۇ، ئۇلار پۇتىغا نېمە دەپ غەلىتە پۇت قاپچۇقى كىيىۋالىدىغاندۇ؟ تېرىسىنى كىيىۋېلىپ يەنە سېلىۋېتىدىغانلىقى قىزىقكەن. بىراق، ئارقا پۇتىغا پۇت قاپچۇقى كىيىۋالغىنى قاملاشمىغاندەكلا قىلىدىغۇ؟ ياق، ئۇمۇ خېلى قاملاشقاندەك تۇرىدۇ. مايمۇنغا ئەمدى ئۆزىنىڭ قۇيرۇقى ئوشۇقچە بىر نەرسە بولۇپ كۆرۈنۈپتۇ. «مانا ماۋۇ چىرايلىق مايمۇنلارنىڭ شۇنداق .قۇيرۇقى يوق تۇرۇپمۇ بىزدىن ئوبدان ئوينايدىكەنغۇ، بىزنىڭ ماۋۇ تېرىمىزنىمۇ سېلىۋېتىپ يەنە كىيگىلى بولغان بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە! بەزى چاغدا ئورمانلىقتىكى تىنجىققا چىدىيالماي، قانداق قىلىشىمىزنى بىلەلمەي قالىمىز. ئەگەر تېرىمىزنى بۇ چىرايلىق مايمۇنلارنىڭكىدەك ئىسسىغاندا سېلىۋېتىپ، توڭلىغاندا كىيىۋالساق بەك ياخشى بولاتتى ئەمەسمۇ؟» مايمۇن قېرى سۆگەتنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ باللار ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ئۇزۇنغىچە خىيال سۈرۈپتۇ. ئۇ مەھەللىسىگە قايتىپ كېلىپمۇ ھېلىقى چىرايلىق مايمۇنلارنى پەقەت ئېسىدىن چىقىرالماپتۇ. شۇڭا ئۇ باشقا مايمۇنلارغىمۇ قوشۇلماي، يەردە دەرەخكە يۆلەنگىنىچە مۇڭلىنىپ ئولتۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئانىسى:

— بالام، نېمە بولدۇڭ؟ روھىڭ چۈشۈپلا كېتىپتىغۇ؟ ئاغرىپ قالمىغانسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.



بىراق، مايمۇننىڭ قولىقىغا ئانىسىنىڭ گەپلىرى كىرمەپتۇ. ئۇ قانداق قىلسام ئاشۇ مايمۇنلاردەك چىرايلىق بولارمەن دېگەندىن باشقىنى ئويلىمايدىكەن. قۇيرۇقى ئۇنىڭ ئۇچۇن ئوشۇقچە، سەت نەرسىدەك تۇيۇلۇپتۇ. ئۇ قۇيرۇقۇم بولمىغان بولسا مەنمۇ چىرايلىق بولاتتىم دەپ ئويلايدىكەن. ئۇ قۇيرۇقىنى دەرەخ شېخىغا يۆگەپ قويۇپ كۆچەپ تارتىپ ئۈزۈۋەتمەكچى بولغان بولسىمۇ ئۈزەلمەپتۇ. ئۇنداق ئويلاپ، مۇنداق ئويلاپ ئاخىرى دوستى يولۋاسنى ئېسىگە ئاپتۇ. «يولۋاسجان مېنىڭ چىشىم بەك ئۆتكۈر، ھەرقانداق نەرسىنى چايناپ ئۈزۈۋېتەلەيمەن دەۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭدىن ياردەم سوراي». ئۆزىچە مۇۋاپىق ئەقىل تاپقان مايمۇن يۈگۈرۈپ، تاقىلىغىنىچە بىردەمدىلا يولۋاسنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ. يولۋاسمۇ يالغۇزچىلىقتا زېرىكىپ قېيىن دەرىخىنىڭ سايىسىدا مۈگدەپ، ئەسنەپ ياتقانىكەن، شۇئا ئۇ مايمۇننى كۆرۈپ خۇشال بوپتۇ.

—مايمۇنجان كېلىپ قاپسەنغۇ، كەلمىگىنىڭگىمۇ ئۇزۇن بوپتۇ، مەنمۇ سېنى ئىزدەپ بارالمىدىم.

—مەن سەندىن ياردەم سوراپ كەلدىم، — مايمۇن ئۆزىنى بېسىۋالالماي، يولۋاستىن ئەھۋالمۇ سورىماي شۇنداق دەپتۇ.

—ھە، ساڭا قانداق ياردەم قىلسام بولىدۇ؟ ئىككىمىز دوست بولغاندىن كېيىن قولۇمدىن كەلسىلا ياردىمىمنى ئايىمايمەن،— يولۋاس ئورنىدىن تۇرۇپ سىلكىنىۋەتكەندىن كېيىن سوراپتۇ.

چىرايلىق مايمۇن بولۇشقا ئالدىراپ كېتىۋاتقان مايمۇن جىددىيلەشكەن ھالدا سۆزلەپتۇ:



—تېز بول دوستۇم، قۇيرۇقۇمنى تۇۋىدىن چايناپ ئۈزۈۋەتكىن، مېنى سەتلەشتۈرۈۋاتقان نەرسىنىڭ قۇيرۇق ئىكەنلىكىنى ئەمدى بىلدىم. ھازىرقى بىر ئارزۇيۇم قۇيرۇقسىز،

چىرايلىق مايمۇن بولۇش!

يولۋاس مايمۇننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ھەيران قاپتۇ. ئۇ مايمۇننىڭ گېپىنى خاتا ئاڭلاپ قالمىغاندىمەن دېگەندەك مايمۇنغا قاراپ ھاڭۋاققىنىچە تۇرۇپ قاپتۇ.

— نېمانداق قاراپ تۇرىسەن، قۇيرۇقۇمنى تۈۋىدىن چايناپ ئۈزۈۋەت دەيمەن، شۇنداق قىلساڭ ماڭا ھەقىقىي ياردەم قىلغان بولىسەن.

يولۋاس مايمۇننىڭ راستىلا شۇنداق دەۋاتقانلىقىنى بىلىپ سوراپتۇ:

— مايمۇنجان، ساراڭ بولۇپ قالمىغانسەن، قۇيرۇقى يوق مايمۇننى قانداق مايمۇن دېگىلى بولىدۇ؟ قۇيرۇقۇڭنى چايناپ ئۈزۈۋېتىشقۇ كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچىلىك پۈتىدىغان ئىش، بىراق ئۈزۈلگەن قۇيرۇقۇڭنى ئۇلاش قولۇمدىن كەلمەيدۇ، شۇڭا ئوبدانراق ئويلىنىپ باقساڭ بولارمىكىن.

— ھەي يولۋاسجان، تولا گەپ قىلماي قۇيرۇقۇمنى تۈۋىدىن ئۈزۈۋەت. مەن چىرايلىق مايمۇنلاردەك بولسام بولدى، ساڭا چاقچاق قىلىۋاتمايمەن. سەن ماڭا مۇشۇ ئىشتا بىر ياردەم قىلساڭ بەك خوش بولۇپ كېتەتتىم.

يولۋاس مايمۇننىڭ يېلىنىپ - يالۋۇرۇشلىرىدىن ئۇنىڭمۇ ئويلىغان بىر يېرى بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپتۇ - دە، ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە قىلماقچى بوپتۇ.

— ئۇنداق بولسا كۆزۈڭنى چىڭ يۇمۇپ تۇرغىن، ئىش قىلىپ كېيىن مەن بۇ ئىشقا ئىگە ئەمەس.



بۇ گەپنى ئاڭلىغان مايمۇن خۇشال بولۇپ كۆزىنى يۇمغىنىچە يولۋاسقا ئارقىسىنى قىلىپ تۇرۇپتۇ. يولۋاس

مايمۇننىڭ قۇيرۇقىنى ئۆتكۈر چىشلىرى بىلەن چايناپ تۈۋىدىن ئۈزۈۋېتىپتۇ. مايمۇن ئاغرىققا چىدىماي ۋارقىراپ كېتىپتۇ. بىراق، ئۇ چىرايلىق مايمۇنلارغا ئوخشىدىم دەپ خۇشال بولغاچقا، قۇيرۇقىنىڭ ئاغرىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قاپتۇ - دە، كەينىدىن قان ئېقىۋاتقانلىقى بىلەنمۇ كارى بولماي يۈگۈرگىنىچە كۆزدىن غايىب بوپتۇ. يولۋاسنىڭ «قۇيرۇقۇڭنى ئېلىۋال» دېگەن گېپىمۇ قۇلىقىغا كىرمەپتۇ.

شۇ كۈندىن باشلاپ مايمۇن كەينى ئىككى پۇتى بىلەن ئۆرە مېڭىشنى ئۆگەنمەكچى بوپتۇ، بىراق قۇيرۇقى بولمىغاچقا تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلىيالماي موللاق ئېتىپ كېتىپتۇ. ئۇ تېخى يەنە چىرايلىق مايمۇنلارغا ئوخشاش تېرىسىنى سىلىۋەتمەكچى بولغان بولسىمۇ پەقەت سالالماپتۇ. ئۇنىڭ قىلىقلىرىنى كۆرگەن باشقا مايمۇنلار ئۇنى «ساراڭ بولۇپ قاپسەن» دەپ مازاق قىپتۇ.

كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مايمۇن قۇيرۇقىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. باشقا مايمۇنلار ئۇنى «سولتەك» دەپ مازاق قىلىپ ئارىسىغا ئالماپتۇ. ھەممىدىن يامىنى ئۇ دەرەختە خالىغىنىچە يۈگۈرۈپ يۈرەلمەيدىغان بوپتۇ. پۈتۈن زېھنىنى يىغىپ ئاۋايلاپ ماڭسىمۇ دەرەختىن چۈشۈپ كېتىپ، پۇت، قولىنى يارىلاندۇرۇۋاپتۇ. مايمۇن شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ «چىرايلىق مايمۇن بولىمەن» دەپ قاملاشمىغان ئىش قىلىپ قويغانلىقىنى بىلىپتۇ. ئەمدى ئۇ ھەسرەت چېكىپ، پۇشايمان يېگەن بولسىمۇ ئورنىغا كەلمەپتۇ.



قانداق قىلىشنى بىلەلمىگەن مايمۇن يەنە يولۋاسنى ئىزدەپ بېرىپتۇ. مايمۇن ئورۇقلاپ تولىمۇ سەتلىشىپ كەچكەچكە، يولۋاس ئۇنى تونۇيالماپتۇ، شۇڭا ئۇ مايمۇندىن «كىمنى ئىزدەيسىز؟» دەپ سوراپتۇ.

www.uyghurkitap.com



—ۋوي، يولۋاس دوستۇم، سەن مېنى ئۇنتۇپ قالغان ئوخشىماسەن، مەن سېنىڭ گېپىڭگە كىرمەي قويرۇقۇمدىن ئايرىلىپ قېلىپ ناھايىتى تەس كۈنگە قالدىم، باشقا مايمۇنلار مېنى «سولتەك» دەپ ئارىغا ئالمايدىغان بولدى. قويرۇقۇم بولمىغاچقا دەرەختە ئەركىن ھەرىكەت قىلالماي، ئېگىز شاخلاردىكى مېۋىلەرنى يېيەلمەيدىغان بولدۇم، كۈنلىرىم ئاچ قورساق ئۆتۈۋاتىدۇ، دەرد ۋە ئاچ قورساقلىق مېنى مۇشۇنداق قىلىپ قويدى... شۇڭا قويرۇقۇمنى سېنى ئېلىپ قويغانمىكىن دەپ كەلگەنىدىم...

—قويرۇقۇڭغۇ ئۆيۈمدە تۇرىدۇ، بىراق ئۇنى ئۇلاش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ، بۇنى مەن ساڭا بۇرۇنلا دېگەن.

—ئەجەب ئوبدان قىپسەن، قويرۇقۇمنى تاپسام ئۇنى ئۇلايدىغاننىڭ ئامالىمۇ چىقىدۇ، ساڭا رەھمەت، ساڭا رەھمەت...

مايمۇن خۇشاللىقىدىن سەكرەپ كېتىپتۇ، يولۋاس ئۆيىگە كىرىپ مايمۇننىڭ قويرۇقىنى ئەچىقىپ بېرىپتۇ. مايمۇن قويرۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، يۈگۈرگىنىچە قويۇق ئورمانلار ئارىسىغا كىرىپ كېتىپتۇ. ئۇ نۇرغۇن يەرلەرگە بېرىپ قويرۇقىنى ئۇلاتماقچى بولغان بولسىمۇ، ھېچكىم ئامالىنى قىلالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر ئۆمۈر ھەسرەت بىلەن ئۆتۈپتۇ...

قوربان بوۋاي «چۆچەك تۈگىدى» دېگەندەك نەۋرىلىرىگە قاراپ قويۇپتۇ، بىراق ئەلقۇت چۆچەكنىڭ تۈگىشىگە ئۇنىماي تۇرۇۋاپتۇ.

—بوۋا، چۆچىكىڭىزنىڭ ئاخىرى ئانچە قاملاشماي قالدى، بۇ چۆچەكنىڭ ئاخىرىنى باشقىدىن ئېيتىڭ. مايمۇن شۇنچە پۇشايمان يەپ، ئازاب تارتقان تۇرسا، ئۇنىڭ قويرۇقى چوقۇم ئەسلىگە كەلمىسە بولمايدۇ.



قۇربان بوۋاي خىرىلداپ كۈلۈپ كېتىپ:

— ئەلقۇت، مەن بۇ چۆچەكنى خالىغانچە ئۆزگەرتسەم بولمايدۇ، ئەسلى ئىش شۇنداق بولغان تۇرسا، — دەپتۇ. قۇربان بوۋاي ھەرقانچە چۈشەندۈرگەن بولسىمۇ، ئەلقۇت ئۇنىماي تۇرۇۋالغاچقا، چۆچەكنىڭ ئاخىرىنى باشقىدىن ئېيتىپتۇ.

— ماقۇل ئەمىسە، مەن ئۆزگەرتىپ ئېيتىپ باقاي، — قۇربان بوۋاي چۆچەكنىڭ ئاخىرىنى ئۆزگەرتىپ ئېيتىپتۇ.

— مايمۇن يولۋاستىن قۇيرۇقنى ئېلىپ كېتىپ «قۇيرۇقۇمنى تاپتىم، قۇيرۇقۇمنى تاپتىم» دەپ سەكرەپ - تاقلاپ كېتىپتۇ. ئۇ خۇ-شاللىقىدا ئۆزىنىڭ مەھەللىسىگە قانداق كېلىپ قالغانلىقىنىمۇ بىلمەي قاپتۇ. بىراق، ئارىلىقتىن كۆپ ئۆتمەي ئۆزىنىڭ ئارتۇقچە خۇش بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلىپتۇ، چۈنكى ئۇنىڭ قۇيرۇقنى ھېچكىم ئۇلاپ بېرەلمەپتۇ. ئۇ ھەسرەت بىلەن مۈكۈنۈپ يىغلاپتۇ. نېمىشقىمۇ قۇيرۇقۇمنى ئۇزۇۋەتكەندىمەن دەپ ئۆزىنى كاچاتلاپتۇ. كېيىن ئۇ تەق-دىرگە تەن بېرىپ، يىغلىماي ياشاۋەرمەكچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ھۆكرەپ يىغلاپتۇ.

— مايمۇنجان! مايمۇنجان! — تۇيۇقسىز چىققان بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ مايمۇن يىغىدىن توختاپ بېشىنى كۆتۈرۈپتۇ. ئۇنىڭ ئالدىدا ئاپئاق ساقاللىق بىر بوۋاي تۇرغۇدەك.

— سەن نېمىشقا يىغلايسەن؟

— قۇيرۇقۇمدىن ئايرىلىپ قالغاچقا يىغلاۋاتىمەن.

— قۇيرۇقسىز بولۇش ئۆزۈڭنىڭ ئارزۇسى ئىدىغۇ؟

— مەن خاتا قىپتىمەن.

— خاتا قىلغىنىڭغا پۇشايمان قىلدىڭمۇ؟



— ھەئە، پۇشايمان قىلدىم.

— ئۇنداق بولسا بۇنىڭدىن كېيىن قۇيرۇقۇڭنى ئوبدان ئاسرا!

— شۇ گەپتىن كېيىن بوۋاي غايىب بوپتۇ. مايمۇن ئىتتىك كەينىگە قارىسا، ئۇنىڭغا بۇرۇنقىدىنمۇ چىرايلىق ئۇزۇن قۇيرۇق پەيدا بولۇپ قاپتۇ. مايمۇن خۇشاللىقىدىن سەكرەپ، موللاق ئېتىپتۇ، شاختىن - شاخقا سەكرەپ تۈرلۈك ئويۇنلارنى ئويناپتۇ، خۇشال بولۇپ ناخشا ئېيتىپتۇ، ئۆزى ئۇچۇن قۇيرۇقنىڭ ئەڭ قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىپتۇ. قۇيرۇق ئۇنىڭ ئۇچۇن قۇيرۇق بولۇپلا قالماي ئەڭ مۇھىم قورال ئىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن مايمۇن دەرەختىن - دەرەخكە سەكرەپ، خۇشال - خۇرام ئوينايدىغان بوپتۇ، ھېچكىم ئۇنى «سولتەك» دېمەپتۇ. ئەڭ ئېگىز شاخلاردىكى شەربەتلىك، شىرنىلىك مېۋىلەردىن ئۈزۈپ يەپتۇ.

ئەلقۇت ئەمدى بوۋىسىنىڭ چۆچىكىدىن رازى بولغاندەك كۈلۈمسىرىگىنىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كېتىپتۇ. ئۇ تېخى كىچىك بولغاچقا، نۇرغۇن ئىشلارنى بەك چوڭقۇر ئويلىيالمايدىكەن، شۇڭا ئۇزىنىڭ مايمۇننىڭكىدەك قۇيرۇقى يوقلىقىغا خاپا بوپتۇ.

— قۇيرۇقۇم بولغان بولسا مەنمۇ مايمۇندەك دەرەختىن - دەرەخكە سەكرەپ ئوينىغان بولسام نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە! — ئەلقۇت شۇنداق ئويلاپتۇ - دە، بوۋىسىدىن سوراپتۇ:

— بوۋا، نېمىشقا مېنىڭ قۇيرۇقۇم يوق؟

— ئادەمنىڭ قۇيرۇقى بولمايدۇ.

بوۋىسى شۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن بولسىمۇ ئەلقۇت بوۋىسىنىڭ جاۋابىدىن رازى بولماپتۇ. «مېنىڭمۇ مايمۇنىڭكىدەك قۇيرۇقۇم بولسا، باشقا بالىلار مەن چىققان دە-



رەخكە چىقالمىسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مېنى ماختاپ كەتسە نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە!» دەپ ئويلاپتۇ. ئەلقۇتنىڭ جىمىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن قۇربان بوۋاي ئەلقۇتقا چاقچاق قىپتۇ:

ـــ ئەلقۇت، كەينىڭگە قارا، ساڭا قۇيرۇق پەيدا بولۇپ قاپتۇ.

ئەلقۇت ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ كەينىگە قاراپتۇ. چۆچەك ئاڭلاۋاتقان بالىلار قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ. قۇربان بوۋايمۇ خىرىلداپ كۈلۈپتۇ. ئەلقۇت خىجىل بولۇپ قىزىرىپ كېتىپتۇ.



# تېپىشماق ئويۇنى





يېقىندىن بېرى هايۋانلار پادىشاھلىقىدا شىر پادىشاھنىڭ تەشەببۇسى بىلەن تۇرلۇك تېپىشماق ئويۇنى ئەۋج ئاپتۇ.

بىر كۈنى هايۋانلار پادىشاھلىقىدىكى بىر مەھەللىدە هايۋانلار بىر يەرگە جەم بولۇپ تېپىشماق ئويناپتۇ. ئويۇنغا مۇشۇ مەھەللىدىكى ئۇستا تېپىشماقچى ئېيىق باشلامچىلىق قىپتۇ.

—بۈگۈن بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن يىغىلغانلىقىمىزنى ھەممىڭلار بىلىسىلەر، هازىر پادىشاھلىقىمىزدا تېپىشماق ئويۇنى ئەۋج ئېلىۋاتىدۇ. تېپىشماق ئويۇنى ئىناقلىقنى، كۆڭۈل ئېچىشنى، زېھىن ۋەقابىلىيەتنى ئاشۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ئەھمىيەتلىك پائالىيەت. بىز تېپىشماق ئويۇنى ئارقىلىق ئالدى بىلەن تۇرلۇك شەيئەر بىلەن تونۇشىمىز ھەمدە ئۇلارنىڭ بەلگە ۋە ئالاھىدىلىكلىرىنى بىلىۋالىمىز. يەنە بىر تەرەپتىن، شەيئىلەرنى تەسۋىرلەپ، شېئىر - قوشاق ئېيتالايدىغان، ئەتراپلىق پىكىر قىلالايدىغان بولىمىز، تېپىشماق ئويۇنى ئويناپ بېرىش بىز ئۈچۈن پايدىلىق. هازىر بىزنىڭ ئارىمىزدىن ماھىر تېپىشماق ئۇستىلىرى چىقىۋا-

تىدۇ، بۇگۈنكىدەك مەشىقنى توختاتماق داۋاملاشتۇرساق، چوقۇم پاد
شاھلىقىمىزدىن كۆزگە كۆرۈنگەن ماھىرلار يېتىشىپ چىقىدۇ.
ئېيىقنىڭ سۆزىدىن كېيىن بۇ يەرگە يىغىلغانلار قىزغىن چاۋاك
چاپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تېپىشماق ماھىرلىرىدىن شاتۇت، غاز، ماي-
مۇن، ئوغلاق قاتارلىقلار بار ئىكەن.

—ئازراق تىنچلىنايلى، مەن خالىغان بىرەيلەننىڭ ئىسمىنى ئا-
تايمەن، ئىسمى ئاتالغانلار ماھارەت كۆرسەتسە بولىدۇ.

تېپىشماق ئويۇنىغا قاتنىشىدىغانلار «كىمنىڭ ئىسمى چىقىپ
ار» دېگەندەك جىمىپ كېتىپتۇ.

—ھۆپۈپ!

سورۇندىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئىتتىك ھۆپۈپكە قاراپتۇ. ھە دې-
لا ھۆپۈپنىڭ ئىسمى چىققانلىقى ئۇنى خېلىلا تەمتىرىتىپ قو-
شۇنداقتىمۇ ئۇ ئالدىرىماي سەھنىگە چىقىپ تېپىشماق توقۇپ-
ويۇندا بۇرۇنقى تېپىشماقنى ئېيتىشقا بولمايدىكەن، شۇڭا نەق
وقۇش شەرت قىلىنىدىكەن.

ئۆزى قارا، ئاق تۇمشۇق،
ماڭار ئاران ئىغاڭلاپ.
ئۆتكۈزىدۇ قىشنى ئۇ،
سوغۇق ئۆڭكۈردە ئۇخلاپ.

لانمايلا ئېيىقنى تېپىشماققا توقۇۋەتكەنلە-
دان قاپتۇ. سورۇندىكىلەرنىڭ ئارىسىدا
ۇلىپتۇ. ئېيىق ھۆپۈپنىڭ ئۆزىنى مازاق



www.uyghurkitap.com



قىلغانلىقىدىن ئاچچىقلىنىپ، سورۇننى باشقۇرۇۋاتقانلىقىنىمۇ ئۇن-
تۇپ، ئويۇن تەرتىپىگە خىلاپ ھالدا مۇنداق دەپتۇ:
— ھۆپۈپ بىردەم تۇرۇپ تۇرسۇن، مەن بىر تېپىشماق ئېيتاي،
ئىككى تېپىشماقنى تەڭ تېپىڭلار! — ھۆپۈپكە ئاچچىقى كەلگەن ئې-
يىق كۆپ ئويلانمايلا تۆۋەندىكى تېپىشماقنى توقۇپتۇ:

شاھ چاغلايدۇ ئۆزىنى،
تاجىسى بار بېشىدا.
بەكمۇ سېسىق پۇرايدۇ،
كەلسەڭ ئۇنىڭ قېشىغا.

ھۆپۈپ ئېيىقنىڭ ئۆزىنى ئەيىبلەۋاتقانلىقىدىن نارازى بولۇپ،
ھۆپۈپلەپ كېتىپتۇ. سورۇندىن خىرىلدىغان، پىخىلدىغان كۈلكە ئاڭ-
لىنىپتۇ. شۇ چاغدا ئويۇنغا يېتەكچىلىك قىلىۋاتقانلاردىن شاتۇت
گەپكە ئارىلىشىپتۇ.
— بىردەم تىنچلىنىڭلار، مەنچە ئويۇنىمىز ئانچە ياخشى باشلانماي
قالدى، ئېيىق بىلەن ھۆپۈپ قائىدە بويىچە جازالىنىشى كېرەك، چۈنكى
ئۇلار بىر - بىرىنى مازاق قىلىدىغان، ئۆزئارا ئەيىبىنى ئاچىدىغان تې-
پىشماقنى دەپ سالدى، شۇڭا ئۇلارنى ئويۇن باشقۇرغۇچىلار تۆۋەندى-
كىدەك ئۇسۇل بىلەن جازالاشنى قارار قىلدى:
— ھۆپۈپ ئۈچ تېپىشماق توقۇيدۇ، ئېيىق ئاشۇ شېئى-
رىي تېپىشماققا شېئىرىي جاۋاب بېرىدۇ. ئەگەر ئۇلار مۇشۇ
ئويۇن ئارقىلىق سورۇندىكىلەرنى ۋە ئويۇن باشقۇرغۇچىلارنى
رازى قىلالىسا، ئويۇنىمىز يەنە ئۆز تەرتىپى بويىچە داۋام



قىلدۇ.

ئېيىق بىلەن ھۆپۈپمۇ بۇ جازاغا رازى بوپتۇ. كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدا كۆلكە - قىقاسلار كۆتۈرۈلۈپتۇ، ھۆپۈپ بىرىنچى تېپىشماقنى ئېيتىپتۇ:

بەك چىرايلىق، ئەدەپلىك،
سەندىن ئەھۋال سورايدۇ.
گەپكە ماھىر، گەپ قىلساڭ
سېنى ئەيىنەن دورايدۇ.

ئېيىق كۆپ ئويلانمايلا تېپىشماقنىڭ جاۋابىنى تېپىپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن شېئىرىي جاۋاب قاملاشماي قالمىسۇن دەپ، ئىچىدە توقۇۋالغاندىن كېيىن جاۋاب قايتۇرۇپتۇ.

قاناتلىق ھەم تۇمشۇقلۇق،
بەكمۇ گەپچى كوت - كوت ئۇ.
ئارىمىزدا بار ھازىر،
يېقىن دوستۇم شاتۇت ئۇ.

كۆپچىلىك ئېيىقنىڭ جاۋابىدىن رازى بولۇپ چۇرقىرىشىپ كېتىپتۇ. ئويۇننى باشقۇرۇۋاتقانلارمۇ ئۇلاردىن رازى بولغانلىقىنى، ئويۇننى داۋاملاشتۇرۇشنى بىلدۈرۈپتۇ. ھۆپۈپ ئىككىنچى تېپىشمىقىنى ئېيتىپتۇ:



www.uyghurkitap.com



ئۆزى يوغىلۇق، ۋارقىرىغاق،
بالا تۇرۇپ ساقاللىق.
ئۇنىڭ ئوبدان ماكانى،
يېشىل ئوتلاق، چاتقاللىق.

ئېيىق بايىقىدەك بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن جاۋاب بېرىپتۇ:

ئۆچكىنىڭ پۇشتى،
پاقلاننىڭ دوستى.
ئىسمى ئوغلاقجان،
ئەزەلدىن شوختى.

كۆپچىلىك بۇ تېپىشماقلىق سوئال - جاۋابلاردىن رازى بولۇپ چاۋاك چاپتۇ. ھۆپۈپ ئۈچىنچى تېپىشمىقىنى ئېيتىپتۇ:

ئۇزۇن بويۇن، تومشۇقلۇق،
ئۆتەر دائىم ئەپ بولۇپ.
كۈز كەلگەندە ئۇچىدۇ،
جەنۇبقا ئۇ سەپ بولۇپ.

ئېيىق بۇ قېتىم ئانچە ئويلانمايلا جاۋاب بېرىپتۇ:



مېنىڭ ئاشۇ دوستۇمنىڭ،
بارغان يېرى ئاز ئەمەس.

تېپىپ بولدۇم جاۋابىنى،
دەيدۇ كىممۇ غاز ئەمەس.

كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدا يەنە كۈلكە ـ قىقاسلار، رازىمەنلىك سادالىرى كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئويۇننى باشقۇرۇۋاتقانلارمۇ ئۇلاردىن رازى بولۇپ گۇناھىنى كەچۈرۈم قىپتۇ.

ئېيىق كۆپچىلىكنى تىنچلاندۇرۇپ، ئويۇننى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

— ئەمدى ئويۇنىمىزنىڭ ئىككىنچى تۈرى باشلىنىدۇ، كىم خالىسا شۇ چىقىپ تېپىشماق ئېيتىدۇ. ئەگەر كىم ئۆلچەملىك تېپىشماقتىن بىرنى ئېيتالىسا، ئۇنىڭغا ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مۇكاپات بېرىلىدۇ، قېنى باشلاندى.

ئېيىقنىڭ جاكارسىدىن كېيىن مەيدانغا بىرىنچى بولۇپ ئاق قۇشقاچ چۈشۈپتۇ.

— مەن بىر تېپىشماق ئېيتىپ باقسام بولارمۇ؟ — ئالدىراپ مەيدانغا چۈشۈۋالغان بىلەن ھودۇقۇپ قالغان ئاق قۇشقاچ نېمە دېيەرنى بىلەلمەي تىرنىقىنى تاتىلاپ تۇرۇپتۇ. كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدىن «قېنى تېپىشمىقىڭنى ئېيتمامسەن!» دېگەن سادالار ئاڭلىنىپتۇ. ئېيىق چۇقان سېلىۋاتقانلارنى بېسىقتۇرۇپتۇ. ئاق قۇشقاچ جىددىيلەشكىنىدىن قىزارغىنىچە تېپىشمىقىنى ئېيتىپتۇ:

ئۆزى تۈكلۈك، قۇيرۇقلۇق،
ئوخشاپ كېتەر ئادەمگە.
بىلىپ قويۇڭ مايمۇن ئۇ،
...



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



شۇ چاغدا كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدىن كۈلكە كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئاق قۇشقاچ نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمەي تەمتىرىگىنىچە ۋىچىرلاپ كېتىپتۇ. ئېيىق كۆپچىلىكنى تىنچلاندۇرۇپ، ئاق قۇشقاچنى ئوڭايسىزلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپتۇ.

— تىنچلىنىڭلار، تىنچلىنىڭلار! بۇ بىر ئويۇن، بىر - بىرىمىزنى مازاق قىلىدىغان ئىشنى قىلمايلى. ئاق قۇشقاچ گەرچە تېپىشماقنىڭ جاۋابىنى ئۆزى دەۋەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئويۇنغا قاتنىشىش قىزغىنلىقى ياخشى، بىز ئۇنى بىر تال گۈل بىلەن مۇكاپاتلايمىز! —ئېيىقنىڭ سۆزىدىن كېيىن ئاق قۇشقاچقا بىر تال گۈل تەقدىم قىلىنىپتۇ.

—قېنى كىم تېپىشماق ئېيتىپ باقىدۇ؟—ئېيىقنىڭ سوئالىدىن كېيىن ئالدىراڭغۇ ئاق توشقان مەيدانغا چۈشۈپتۇ. ئۇ ئويلانمايلا تېپىشماق ئېيتىپتۇ:

شاختىكى مېۋە،
ئۆزى يۇمىلاق.
ئۇنىڭ قېشىدا،
بار كۆپ يوپۇرماق.

بۇ تېپىشماقنىڭ جاۋابىنى بەزىلەر «ئۆرۈك» دېسە، يەنە بەزىلەر «شاپتۇل، ئالما، جىنەستە، دولانە» دەپ ھەرخىل جاۋاب بېرىپتۇ. دېمەك، بۇ تېپىشماقنىڭ ئۆزىگە خاس جاۋابىنى تاپقىلى بولماپتۇ.



ئېيىق كۆپچىلىكنىڭ تالاش - تارتىشىنى بېسىقتۇ-

روپ، توشقاننى بىر تال ئالما بىلەن مۇكاپاتلىغاندىن كېيىن مۇنداق دەپتۇ:

— توشقاننىڭ تېپىشماق توقۇشى يامان ئەمەس، بىراق ئۇ تېپىشماقنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكىنى بىلەلمىگەندەك قىلىدۇ. تېپىشماقلارغا ئالاھىدىلىكى ئومۇمىي جەھەتتىن ئوخشاپ كېتىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى جاۋاب بولالايدىغان بولۇپ قالسا بولمايدۇ. ھەرقانداق تېپىشماقنىڭ ئۆزىگە خاس دەل جاۋابى بولۇشى كېرەك. ئەمدى ئويۇنىمىزنىڭ يەنە بىر تۈرىنى باشلايمىز، ھازىر مەيدانغا ئويۇن ھەيئىتى تەرىپىدىن ئالاھىدە تاللانغان ئىككى ماھىر چۈشىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەربىرى نەق مەيداندا ئۇچتىن تېپىشماق توقۇيدۇ، بىرسى تېپىشماق ئېيتقاندا يەنە بىرى ناھايىتى تېزلىك بىلەن شېئىرىي جاۋاب بېرىدۇ.

شۇ چاغدا سەھنىدە شاتۇت بىلەن غاز پەيدا بولۇپ، كۆپچىلىككە سالام قىلغاندىن كېيىن، ماھارەت كۆرسىتىشكە باشلاپتۇ. شاتۇت ئالدى بىلەن تېپىشماق ئېيتىپتۇ:

ئۇزۇن بويۇن، ئاق بويۇن،
سۇزۇك كۆلدە ئاق پەرى.
ئاسماندا ئاق مارجاندەك،
كۆرۈنىدۇ بەئەينى.



غاز تېزلا جاۋاب بېرىپتۇ:

قاناتلىقلار گۈزىلى،

ماڭا يېقىن تۇغقان ئۇ.
ئاق مارجاندەك كۆرۈنگەن،
قاتار ئۇچقان كۆپ ئاق قۇ.

تېپىشماق ئويۇنى ناھايىتى جانلىق ۋە قىزىقارلىق ئېلىپ بېرى-
لىۋاتقاچقا، سورۇندىكىلەر ئۇلارغا قىزغىن ئالقىش ياڭرىتىپتۇ. شاتۇت
سالماقلىق بىلەن يەنە بىر تېپىشماقنى ئېيتىپتۇ:

ئۇچلۇق تۇمشۇق، قىل بۇرۇت،
ماكانى تۆشۈك.
قورقۇپ بەدەر قاچىدۇ،
ئۇچرىسا مۇشۇك.

غاز ئىككى قېتىم غاقىلداپ قويۇپ تېزلا جاۋاب بېرىپتۇ:

قويرۇقى بىگىز،
قوغلىسام قاچقان.
بۇ تېپىشماقنىڭ،
جاۋابى چاشقان.

قىزغىن كەيپىيات يەنە داۋاملىشىپتۇ. شاتۇتمۇ ئۇ-
چىنچى تېپىشمىقىنى ئېيتىپتۇ:



ساۋۇتى بار تىكەنلىك،

ماڭالايدۇ ئۆمىلەپ.
تىقىۋالار ساۋۇتقا،
ئۇ بېشىنى ئېمىدەپ.

غاز شاتۇتنىڭ ئۈچىنچى تېپىشمىقىغىمۇ تېز جاۋاب بېرىپتۇ:

تۇمشۇقى ئۇزۇن،
ئەمەس ئۇ تۈلكە.
بۇ تېپىشماقنىڭ،
جاۋابى كىرپە.

قىزغىن ئالقىش سادالىرى يەنە ئەۋجىگە چىقىپتۇ. ئېيىق سو-
رۇننى تىنچلاندۇرغاندىن كېيىن «ئەمدى غاز تېپىشماق ئېيتىدۇ، شا-
تۇت تاپىدۇ» دەپ جاكارلاپتۇ. غاز قائىدە بويىچە ئويۇننى داۋاملاشتۇرۇپ-
تۇ:

گوياكى بىر ئۇچقۇر گۈل،
گۈلدىن - گۈلگە قونىدۇ.
باھار كەلسە باغلاردا،
لەرزان ئۇچۇپ يۈرىدۇ.

شاتۇتمۇ تېزلا جاۋاب بېرىپتۇ:



كۆرۈپ ئۇنى دەپ قالما،

www.uyghurkitap.com



باغلاردىكى گۈل - چېچەك.
گۈلدىن - گۈلگە قونغىنى،
ئېيتىپ بېرەي كېپىنەك.

شاتۇت تېپىشماق ئېيتىشنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

جۇغى كىچىك، ئەمگەكچان،
بىر تۆشۈكتە مىڭى بار.
ئۆزىدىن چوڭ نەرسىنى،
كۆتۈرگۈدەك جېنى بار.

غاز داۋاملىق جاۋاب بېرىپتۇ:

ھەمكارلىقى يار قىلىدۇ،
ئىش قىلىشتا، ئەمگەكتە.
مەن دەپ بېرەي سىلەرگە،
ئۇنىڭ ئىسمى چۈمۈلە.

شاتۇت ئەڭ ئاخىرقى تېپىشماقنى ئېيتىپتۇ:

شۇنچە يوغان بەستلىك،
قۇشلارنىڭ شاھى.
بەكمۇ ئىتتىك يۈگۈرەيدۇ،
ئۇچالماس زادى.



غاز تېزلا جاۋاب بېرىپتۇ:

ئۆزى بىر قۇش ئۇچمايدۇ،
دېسەڭمۇ ئۇچ، ئۇچ.
سىز دەۋاتقان ئۇ قۇشنىڭ،
ئىسمى تۆگىقۇش.

بۇ قېتىمقى تېپىشماق ئويۇنى ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈلۈپتۇ. شاتۇت بىلەن غاز ھايۋانلار پادىشاھلىقىدىكى تېپىشماق مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن باشقا مەھەللىلەردىمۇ تېپىشماق ئويۇنى ئوينايدىغانلار كۆپىيىپتۇ.





ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com





# قۇشلارنىڭ شاھ سايلىشى

گۈزەل ئورمانلىقتىكى قۇشلار مەملىكىتىدە يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان چوڭ سايلام يېقىنلىشىپ قاپتۇ. بەزىلەر بۈركۈت يەنە شاھ بولۇپ قېلىشى مۇمكىن دېسە، بەزىلەر لاچىن شاھ بولىدۇ دەيدىكەن. كۆپلىگەن قۇشلار ئۆزىگە باتۇر، قورقماس، جەسۇر بىرسىنىڭ شاھ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدىكەن. ئەنە شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە كەپتەر، ئاق قۇشقاچ، ھۆپۈپ، قارىغۇجا، سېغىزخان، قاغىلار كىمنىڭ شاھلىققا ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغانلىقى ھەققىدە پاراڭلىشىپ قاپتۇ.

— مەنچە بىزگە بۈركۈت شاھ بولسا ئەڭ مۇۋاپىق بولىدۇ، چۈنكى ئۇ قورقماس، باتۇر بولۇپلا قالماي كۆڭۈل - كۆكسى كەڭ، مەرت ۋە ئاق كۆڭۈل. ئۇ قۇشلار مەملىكىتىنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى باشقۇرالايدىغان قابىلىيەتكە ئىگە، — دەپتۇ كەپتەر.



—ھەي، سىلەرمۇ نەدىكى گەپنى قىلىدىكەنسىلەر، بۇركۈت دېگەن بىر زومىگەر، كەچكىچە ياۋاشلارنى بوزەك قىلىدۇ، ھېچكىمنى كۆزگە ئىلماي كۆرەڭلەپ يۈرۈيدۇ. مېنىڭچە بىزگە كەپتەر شاھ بولسا دەيمەن. كەپتەر ئاق كۆڭۈل، مۇلايىم، ياۋاشلا بولۇپ قالماي، بارلىق قۇشلار بىلەن دوستانە ئۆتەلەيدۇ، ئاسماندا موللاق ئېتىشقىمۇ ماھىر، —دەپتۇ قارىغوجا.

—قاق، قاق، قاق ... سىلەرمۇ گېپىم بار دەپ قىلىۋېرىدىكەن-سىلەر، كەپتەرنى قانداقمۇ بىزگە شاھ قىلغىلى بولسۇن، — قاغا خاپا بولغان ھالدا قاقىلداپ كېتىپتۇ، — مەنچە ھۆۋقۇشنى شاھ قىلىپ سايلىغىنىمىز ئەڭ مۇۋاپىق، ئەگەر ئۇنى شاھ قىلىپ سايلىساق، ئۇ كېچىسىمۇ مەملىكىتىمىزنىڭ تىنچلىق، ئامانلىقىنى قوغدايدۇ.

—مەنمۇ بۇ گەپكە قوشۇلىمەن، ھۆۋقۇش نۇرغۇن ئارتۇقچىلىق-لارغا ئىگە بولۇپلا قالماي، ھەقىقەتەنمۇ شاھلارغا خاس سالاپەتكە ئىگە. كۆزلىرى كېچىدىمۇ كۈندۈزدەك چاقناپ تۇرىدۇ، ئاۋازىمۇ ناھايىتى ياڭراق ۋە يېقىملىق، — دەپتۇ سېغىزخان.

—مەنچە،—دەپتۇ ئاق قۇشقاچ ۋىچىرلاپ، — بىزگە ئالاھىدە شاھ سايلاشنىڭ ھاجىتى يوق، ھەممىمىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز شاھ. مەن ئۆزۈم كىچىك بولغىنىم بىلەن ئۆزۈمنىڭ ئىشىنى ئۆزۈم تېپىپ قىلالايمەن، ئۆزۈمنىڭ جېنىنى ئۆزۈم جان ئېتىمەن، ئۆزۈمنىڭ بالى-لىرىنى ئۆزۈم باقىمەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە بىكاردىن بىكار شاھ سايلاپ، ئۇلارنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ بولدى، ماڭا ھەرقانداق شاھنىڭ كېرىكى يوق ....



ئاق قۇشقاچ يەنە بىر نېمىلەرنى دەپ ۋىچىرلاپ كېتىپتۇ.

—نېمە؟! گەپ قىلمىسام مېنى كۆزۈڭلار كۆرمەيۋا.

www.uyghurkitap.com



تامدۇ؟ — دەپتۇ ھۆپۈپ، — سىلەرنىڭ كۆزۈڭلار كور ئەمەستۇ؟ شاھ بولۇشقا تېگىشلىكى مانا مەن. قاراڭلار، مېنىڭ پەي، قاناتلىرىممۇ، قاملاشقان تاجىممۇ، ياڭراق ئاۋازىممۇ دەل شاھ بولۇش ئۈچۈنلا يارىتىلغان، سىلەرگە مانا مەن شاھ بولسام بولىدۇ.

ھۆپۈپنىڭ بۇ مەمەدانلىقى قاغا قاتارلىق قۇشلارنى قاقاقلاپ كۈلدۈرۈۋېتىپتۇ. ئۇلار مۇشۇنداق خۇشال پاراڭلىشىپ تۇرغاندا قاياقتىندۇر ئۇچۇپ كەلگەن بىرنەچچە تازقارا سەت. چىرقىراپ ئۇلارنىڭ بېشىدىن ئەگىپ كېتەلمەپتۇ. تازقارا ناھايىتى قورقىدىغان قۇشقاچ، ھۆپۈپ قاتارلىقلار قانداق قىلىشىنى بىلەلمەي دىر - دىر تىترەپ كېتىپتۇ. دەل شۇ چاغدا ھەيۋەت بىلەن يېتىپ كەلگەن بۈركۈت تازغۇنىڭ ئەدىپىنى راسا بېرىپتۇ. بايىقى ۋەھىمە تۈگەپ قۇشلار خاتىرجەم بوپتۇ. قۇشلار شۇ چاغدىلا ئۆزلىرىگە كىمنىڭ شاھ بولۇشى كېرەكلىكىنى يەنە بىر قېتىم تونۇپ يېتىپتۇ.





策　　划：阿丽雅·阿布都克里木
责任编辑：阿丽雅·阿布都克里木
　　　　　木叶沙尔·赛买提
责任校对：阿达来提·亚合甫
封面设计：阿布都热依木·吐尔逊
电脑制作：古尔克孜·吾买尔江

# 维吾尔族童话（1）

艾合买提江·库尔班·萨比热　著

* * *

新疆大学出版社出版
(乌鲁木齐市胜利路14号　邮政编码：830046)
新疆新华书店发行
新疆江疆通商贸有限公司
850×1168mm　32开本　18.75印张
2005年7月第1版　2013年7月第2次印刷

* * *

ISBN 7—5631—1969—8
总定价(1—5册)：55.00元

www.uyghurkitap.com



پىلانلىغۇچى: ئالىيە ئابدۇكېرىم

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئالىيە ئابدۇكېرىم
مۇيەسسەر سەمەت

مەسئۇل كوررېكتورى: ئادالەت ياقۇپ

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئابدۇرېھىم تۇرسۇن

كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: گۆھەرقىز ئۆمەرجان





# ئۇيغۇر بالىلار چۆچەكلىرى (1-5)




ISBN 7-5631-1969-8

9 787563 119691 >

ISBN7 - 5631 -1969 - 8

总定价(1–5 册):55.00 元